www.uysi.org

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

3
2021
ISSN: 2757- 9220
پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي
ئىلمىي ژۇرنال 2021 - يىللىق 3 - سان / ئومۇمىي 3 - سان




خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944-1945)
دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتى ۋە رايوندىكى مۇسۇلمان كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىقى
مەلىكا ئۆزگە

جامائەتمۇ ياكى جەمئىيەتمۇ؟
ئادىل ئەرئۇيغۇر

ھېسسىيات ئۇقۇمىغا ئىسلامىي ۋە زامانىۋىي پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن نەزەر
رازىيە مۇھەممەت

كىتاب تونۇشتۇرۇش

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

**خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان**
ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2021 - يىللىق 3 - سان (ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر)
(ئومۇمىي 3 - سان)
قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: مەۋلان تەڭرىقۇت

ئەسەر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئابدۇرېھىم دۆلەت
رۇقىيە تۇردۇش
نىجات تۇرغۇن
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

ISSN: 2757 - 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir - 1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

# مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش 02

◂ دوكتور ئەركىن ئەكرەم
خىتاي-سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944 - 1945) 04

◂ مەلىكا ئۆزگە
خىتايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتى ۋە رايوندىكى مۇسۇلمانلار كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىقى 54

◂ ئادىل ئەرئۇيغۇر
جامائەتمۇ ياكى جەمئىيەتمۇ؟ 61

◂ رازىيە مۇھەممەت
ھېسسىيات ئۇقۇمىغا ئىسلامىي ۋە زامانىۋى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن نەزەر 85

**كىتاب تونۇشتۇرۇش**

**بۈيۈك خام خىيال: لىبېرالىزم چۈشى ۋە خەلقئارالىق رېئاللىق مەۋلان تەڭرىقۇت** 96

# دېموكراتىيەگە تايىنىپ تىيانشا ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش مۇمكىنمۇ؟

**ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا**

**در.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

دېموكراتىيە ئۇقۇمى تۇنجى قېتىم گرېك پەيلاسوپى ئەپلاتۇننىڭ (م.ئى 427 ـ 347) «دۆلەت» ياكى «جۇمھۇرىيەت» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. قەدىمىي گرېك پەيلاسوپى سوقرات (م.ئى 469 ـ 399) بەختلىك ۋە مۇستەھكەم ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەرپا قىلىشتا رول ئوينايدىغان دۆلەت ئەندىزىسىنى مەزمۇن قىلغان بىر ئەسىرىدە «ئىنسانلارنى باشقۇرۇش»مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان دېموكراتىيە ئۇقۇمىنى ئىشلىتىپ، دۆلەت سىياسىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنسانلارنى باراۋەر ھەق-ھوقۇقلارغا ئىگە قىلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گرېك تارىخچى ۋە سىياسەتچى پولىبىيۇس (م.ئى 203 ـ 120)ھەققىي دېموكراتىيەنىڭ كۆپ خىللىق ۋە كۆپ سانلىقنى ئاساس قىلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلى بولىدىغانلىقىنى، ھەققىي بولمىغان دېموكراتىيەنىڭ بولسا مۇستەبىت ھاكىمىيەت شەكلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، دېموكراتىيە ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسىنى بېرىدۇ. نېمىس پەيلاسوپ ئىممانۇئېل كانت (1724 ـ 1804) ئىگىلىك ھوقۇق شەكىللىرىگە ئاساسەن دۆلەتلەرنى ئوتوكراتىك، ئارىستوكراتىك ۋە دېموكراتىك دەپ ئۈچكە ئايرىيدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇكەممەل ھاكىمىيەت شەكلى دېموكراتىيە بولۇپ، دېموكراتىيە تىنچلىقنىڭ ئاساسىي ۋە كاپالىتىدۇر. بۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمى ساھەسىدە «دېموكراتىيە تىنچلىق نەزەرىيەسى »پەيدا بولدى. بۇ نەزەرىيە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بىر- بىرىگە ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىنى ۋە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيەلىشىشى بىلەن دۇنيا مىقياسىدا تىنچلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. ساموئېل

ب. خانتىڭتون (1927 ـ 2008) ـ 1991 يىلى يازغان «دېموكراتىيەنىڭ ئۈچىنچى دولقۇنى» ناملىق ماقالىسىدە دېموكراتىيە چۈشەنچىسى ۋە دېموكراتىيە ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ تېز سۈرئەتتە پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىپ نۇرغۇن دۆلەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. رىچارد بېرنستېيىن بىلەن روس مۇنترو (خىتاي بىلەن بىرلىكتە يېقىنلىشىۋاتقان توقۇنۇش، NY, Vintage Books, 1997) دېموكراتىيەنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىشىنىڭ «خىتاي تەھدىتى»نى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خىتاينىڭ بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەت شەكلى تەبىئىي ھالدا غەرب دېموكراتىيەسىگە تامامەن زىتتۇر. پەلسەپە مۇتەخەسسىسى جاۋ تىڭياڭ (赵汀阳) خىتاينىڭ پەلسەپە نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ، غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق خۇسۇسىيىتى يوقلىقىنى، شۇڭا خىتايغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبى دېموكراتىيەنىڭ سايلام ۋە ئەل راي پائالىيەتلىرىدە ئاسانلا سۈيىئىستېمال ۋە كونترول قىلىنىدىغان شەخسىي ئارزۇلارغا تايانغان بولۇشى بولسا، ئىككىنچىسى ئىچكى سىياسەتتە پائال ھەرىكەت قىلالايدىغان دېموكراتىك ئورگانلارنىڭ، خەلقئارا سەۋىيەدە ھەرىكەت قىلالماسلىقىدۇر. دېموكراتىيە تۈرتكە بولىدىغان ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق مۇھىتىدىنمۇ بەكرەك سىياسىي نىزامنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن جاۋ تىڭياڭ، غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ كەمچىللىكلىرى ۋە قۇسۇرلىرىنى تاماملاپ، ئۇنى ئۇنىۋېرسال سەۋىيەدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق ئېلىپ كېلىدىغان نىزامنىڭ «تيەنشا»ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خىتاي سىياسىي مەدەنىيىتىدىكى «تيەنشا» مەشرۇلۇق (قانۇنلۇق ۋە يوللۇق) نۇقتىسىدىن مۇتلەقلىققا ئىگە بولۇپ، «تيەنشا»نىڭ مەشرۇلۇقى مۇنداق ئۈچ پرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ:1. «تيەنشا» ھۆكۈمدارىنىڭ سىياسىي مەشرۇلۇقى تامامەن مۇستەقىل بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئىدېئولوگىيە ياكى دىندىن ئۈستۈندۇر. 2.«تيەنشا»نىڭ ھۆكۈمدارلىقى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقىنى كۆچەيتىشنىڭ يولى ئىزدىگەن ھەر قانداق ئادەمگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. 3. «تيەنشا»ھۆكۈمدارى قانداقتۇر بىر دىكتاتور ياكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇشىنىڭ كويىدا ئەمەس، ئۇ پەقەت «تيەنشا»نىڭ ھاكىمىيىتىنى ئادىل قىلىدىغان ھوقۇقتا ۋە قۇدرەتكە ئىگىدۇر. يەن شۆتۇڭ (阎学通)غا ئوخشاش خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىلمىي ۋە ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسمۇ غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن خەلقئارا مەسىلىلەرگە خىتاي پەلسەپەسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان «王道» چۈشەنچىسى بىلەن چارە تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «王道 » ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنى خىتايلا ئۈگۈشلۇق تەتبىق قىلالايدۇ ۋە قىلىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «تيەنشا» نىزامى ۋە ئولپاڭ تۈزۈمى خىتاي تارىخىدا «خىتاي دۇنياسى»نىلا قوغداپ قالىدىغان ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدۇر. بۇ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك مەنبەسى كۇڭزى (م.ئى 479-551) ئىدىيەسىدۇر. كۇڭزى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەر ئەۋجىگە چىققان دەۋردە ياشىغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇ ئىدىيەسىنى تارقىتالمىغان ياكى ھاكىمىيەتكە قوبۇل قىلدۇرالمىغان ئىدى، كۇڭزى ئىدىيەسى كۇڭزى ئۆلۈپ 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان خەن سۇلالىسىنىڭ (م.ئى -206م. ك 9) ھۆكۈمدارى ۋۇ تى (م.ئى -141 87) دەۋرىدە تونۇلۇپ كەڭ تارقالدى. كۈنىمىزدە خىتاينىڭ كۈچلۈك لىدىرغا ئايلانغان شى جىنپىڭ بۇرۇنقى خىتاي رەئىسلىرى قارشى چىققان كۇڭزى ئىدىيەسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا باشلاپ، بۇ ئىدىيەنى دۇنياغا تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا. ئۇنداقتا بۇنىڭ تاسادىپىي بولۇشى مۇمكىنمۇ؟



# خىتاي—سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

## (1944 - 1945)



**در.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تارىخ بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى

E - mail: eekrem@hacettepe.edu.tr

***ئىزاھات: ماقالىدە خىتايچە رەسمىي ھۆججەتلەردىن ئېلىنغان ئىسىملار، تېمىلار، ھۆججەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئەسلى ماتېرىياللاردىكى ئاتىلىشى بويىچە بېرىلدى.***

**ئاساسىي مەزمۇنى:** 1945 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان مەزگىل بولۇپ، ئۇ خىتاي ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى دۇنيانىڭ سىياسىي تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. شۇنداقلا، ئۇ ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك ئىستراتېگىيەسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن لايىھەلەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان مەزگىل. بۇ

مەزگىل شۇنداقلا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مەنپەئەت دائىرىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە گېئوپولتىكىلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىكى گېئوپولتىكىلىق ئەۋزەللىكىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 1945 - يىلدىكى تارىخىي دەۋردىن پايدىلىنىپ، بۇ رايوندىكى تەسىرىنى قايتىدىن تىكلەشكە ئۇرۇندى. 1943 - يىلدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى قوللىدى، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تەسىرىنى قايتىدىن تىكلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، > خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ۋە ئىتتىپاق شەرتنامىسى > سۆھبەت جەريانىدا <شەرقىي تۈركىستان> كارتىدىن پايدىلىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنى مانجۇرىيە، شەرقىي تۈركىستان ۋە لۈ - شۈن 旅顺، دالىيەن پورتلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنىڭ بەدىلىگە تاشقى موڭغۇلىيەدىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، 1904 - 1905 - يىللىرى ياپونىيەگە تارتقۇزۇپ قويغان يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قوللىماسلىق سىياسىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى كۈچلەندۈرۈشكە باشلىغان. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي سىياسىتىدە «شەرقىي تۈركىستان» كارتىسى «خىتاي كومپارتىيىسى» كارتىسىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. يەنى شەرقىي تۈركىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن «تارىخىي ۋەزىپىسى»نى تاماملىغان دېيىشكە بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ سالاھىيىتىنى قايتا بېكىتىشكە ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇرلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سۆھبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. سۆھبەت جەريانىدا موسكۋا، سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىر كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. شۇنداقلا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى تەسىرىنى يەنە بىر قېتىم مۇستەھكەملىدى. بۇ ماقالىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى پىلانلىشىدىكى سەۋەبلەر، تاكتىكىلىق تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، موسكۋانىڭ «شەرقىي تۈركىستان» كارتىسىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قانداق قوللانغانلىقى ۋە خىتاينىڭ ئىنكاسى قاتارلىقلار مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆز:** خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتى، شەرقىي تۈركىستان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، «شىنجاڭ»، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى

**Abstract**: 1945 was the end of the Second World War and the establishment of the Republic of East Turkistan; it was the starting point of the Chinese Civil War and the outbreak of the Cold War worldwide; it was the turning point that changed the world political history in the second half of the 20th century; of course, it was carefully designed by various countries also an important period for careful implementation of diplomatic strategy. Each country develops its strengths, actively expands its scope of interest, and strengthens its geopolitical and strategic advantages. After losing geopolitical superiority in East Turkistan, the Soviet Union also used the historic period of 1945 to rebuild its influence in the region. The Soviet government started

to support the people of East Turkistan in 1943 until the establishment of the "Republic of East Turkistan" on November 12, 1944. It achieved its influence in East Turkistan in a short period of time. The issue was used as a check and balance bargaining chip, forcing the Kuomintang government to make a resolution to cede Outer Mongolia to protect the rights and interests of Manchuria (Northeast China), Luda Ergang, and East Turkistan. When the Soviet government gained interest in China, restored the territory occupied by Japan before 1904 - 1905, and declared war on Japan, it gradually changed its past policy of not supporting the CCP and began to cultivate the CCP's strength in China. In fact, the "East Turkistan" bargaining chip in the Soviet Union's China policy has been transformed into a "CCP" bargaining chip, and the Republic of East Turkistan has completed its planned historical mission. Therefore, the Republic of East Turkistan was faced with the situation of changing its national status and being forced to negotiate with the Kuomintang government. The Kuomintang government was also assisted by the Soviet Union in the negotiation process, and it succeeded. During the negotiation process, Moscow demonstrated its leading role that cannot be ignored. Therefore, the Soviet Union once again consolidated its influence in affairs of East Turkistan. The article explores the reasons of several important questions like why the Soviet Union planned East Turkestan's independence, what was its tactical development and aftermath of it, and how Moscow used the East Turkestan card for its own benefit and what was the China's response.

**Keywords**

Sino - Soviet relations, East Turkistan, East Turkistan, the Republic of East Turkistan, the National Government

## بىرىنچى، ئىستراتېگىيەلىك تايىنىش نۇقتىسىنى يوقۇتۇش: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلاجىسىز شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشى

### (1) شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى

### (2) شىڭشىسەينىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشى

### (3) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلاجىسىز شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشى

1941 - يىلى 6 - ئايدا، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ دوبەنى شىڭشىسەي، موسكۋانىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تىزلەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ شىڭشىسەينى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزۇن يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك مەنپەئەتلىرى بار ئىدى، شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامالسىز 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىن تامامەن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ

1933 - يىلىدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تەسىر كۈچىنى ئاياغلاشتۇردى. ئاقىۋەتتە، سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ كەتتى، موسكۋا خىتاي سىياسىتىنى قايتىدىن ئويلىشىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قول تىقىدىغان تاكتىكا ئىزدەشكە باشلىدى.

## (1) شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى

شىڭشىسەي (1897 - 1970) شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (1933 - 1944)، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى تەدرىجىي كۈچەيتكەن ئىدى[1]. بۇنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە مىسالى 1940 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭشىسەي ئارىسىدا ئىمزالانغان «سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ كونسېسسىيە كېلىشىمى» (قەلەي كان كېلىشىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)[2] ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ «كېلىشىم»گە تايىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىمان بولالايتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك كان، قاتناش، سانائەت ۋە باشقا بايلىقلارنى تامامەن دېگۈدەك قولغا كىرگۈزىۋالغان ئىدى. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقانداق ھەربىي، سىياسىي خادىملىرى ۋە پۇقرالىرى ئەركىن ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلالايتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن، ئەللىن ۋىيتىن (Allen S. Whiting) مېغىزلىق قىلىپ شۇنلارنى ئىپادە قىلىدۇ: كېلىشىم موسكۋا ئۈچۈن «شىنجاڭدا» كۆپلىگەن ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى، «شىنجاڭ» قەلەيچىلىك شىركىتى ئۈرۈمچىنىڭمۇ ھەم مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭمۇ چىشى پاتمايدىغان دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى[3]. مەركىزىي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ شىڭشىسەينىڭ «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت»كە ئامالسىز يول قويغان بولۇپ، باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەم يىراق ھەم ئاجىز كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكانىڭ ھەربىي ياردىمى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق جۇڭگوغا يەتكۈزۈلۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا، قارىماققا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، شىڭشىسەي موسكۋانىڭ تەكەببۇرانە پوزىتسىيەسىدىن ئالللىبۇرۇن نارازىلىق ھېس قىلغان بولۇپ، پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىۋاتقان رېئاللىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، توختىماي ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈپ ھاكىمىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. 1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى؛ شۇ يىلى 12 - ئايدا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى، ئامېرىكا - ياپون ئۇزاق شەرقتە جەڭ قىلىشقا باشلىدى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى ۋە ئەسلىدىكى خەلقئارالىق تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيەنىڭ خىتايغا بولغان ھەربىي بېسىمى بىرئاز يېنىكلىگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياپونىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونلىرىغا بولغان خەۋپسىزلىك تەھدىتىمۇ

يېنىكلىگەن ئىدى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى بولسا شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇپ ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىغان ئىدى.

شىڭشىسەينىڭ تەھلىلىي بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تولىمۇ قىيىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا يېڭىلىۋالغان تەقدىردىمۇ، شەرقىي تۈركىستانغا بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ياردەم قىلالماسلىقى مۇمكىن ئىدى، شۇڭلاشقا مەركەز (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى)گە بېقىنىشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ يەنە خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سېپىدە بىرلىكتە ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىراپ ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر چىقىرىپ تاجاۋۇز قىلالمايدۇ دەپ قارىغان ئىدى[4]. شۇنىڭغا ئاساسەن شىڭشىسەي تەدرىجىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئىدى[5]. شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، سوۋېت خادىملىرىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتتى، تىجارەتچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تىجارەتلىرىنى چەكلىگەندىن سىرت، پۇقرالارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرىغا كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىپ بېرىشىنىمۇ چەكلىدى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى[6]. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، شىڭشىسەي باشچىلىقىدىكى «شىنجاڭ» دائىرلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا بىر يۈرۈش ئۆچمەنلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا ساقچى تۇرغۇزۇپ، بارلىق سوۋېت كونسۇلىغا كىرىپ چىققۇچىلارنىڭ كىملىكلىرىنى تەكشۈرگۈزدى. دائىرلەر يەنە، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورگانلىرىغا كىرىپ خىزمەت قىلىشىنى چەكلىدى، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرىغا ياردەم قىلىشىنىمۇ چەكلىدى. «شىنجاڭ» ساقچى نازارىتى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، [قۇمۇل - ئالمۇتا] ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسىنىڭ نورمال قاتنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ساقچىلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئايروپىلان ئىستانسىسىدا ئىشلەۋاتقان خىتاي ئىشچىلار خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قالدى. يەرلىك دائىرلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرىغا ھەرخىل ھەددىدىن ئاشقان يوللار بىلەن بېسىم قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇلارنى سوۋېت گىراژدانلىقىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى. ئۇلار داۋاملىق قولغا ئېلىنىشقا ئۇچرىغاندىن سىرت، قىيىن قىستاقلارغىمۇ ئېلىنغان ئىدى[7]. شىڭشىسەي قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچلىرىنى تامامەن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى.

1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىنغا بىر پارچە مېمراندۇم تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىنى سورايدۇ. بۇ مېمراندۇمدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتلىرىغا شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇش ئەركىنلىكى بېرىلگەندىن باشقا، ھەربىي

مەسلىھەتچىلەر، مەشقاۋۇللار، مالىيە نازارىتىدىكى ۋە قۇرۇلۇش نازارىتىدىكى سوۋېتلىق مەسلىھەتچىلەر، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار، قىزىل ئارمىيەنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سەككىزىنچى پولكىدىكى بارلىق ھەربىي خادىملىرى، ئالتاي ۋە غۇلجىدىكى قەلەي كانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ۋە ئۆلچىگۈچى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىڭشىسەي ئىككى قېتىم پۇشكىن بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. شىڭشىسەينىڭ بۇ خىل ئۇشتۇمتۇت ھەرىكىتى ۋە كەسكىن پوزىتسىيەسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. پۇشكىن شىڭشىسەيگە قارىتا رەددىيە بېرىپ، شىڭشىسەي ئۆزى تەكلىپ قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن سوۋېت خادىملىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئۇقتۇرۇشقا تايىنىپ تۇرۇپلا ھەيدىلىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بەزى كىشىلەرنىڭ بولسا قەلەي كان كېلىشىمى بويىچە شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشى قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ كېلىشىمنىمۇ بىر تەرەپنىڭ بىكار قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شىڭشىسەيمۇ رەددىيە بېرىپ، كېلىشىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئۆزگە مەجبۇرىي تېڭىلغانلىقىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدا ئىمزالانغان رەسمىي كېلىشىم دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، 1940 - يىلى قەلەي كان كېلىشىمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى، «شىنجاڭ» قەلەيچىلىك شىركىتىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ دەرھال شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشىنى ئېيتىدۇ. شىڭشىسەينىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ بۇ قەدەر قاتتىق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ موسكۋانىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامالى يوقلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى[8]. شىڭشىسەي - سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىي شەكىلدە ناچارلىشىشقا باشلىغان ئىدى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، پۇشكىن شىڭشىسەيگە ئۇقتۇرۇش يوللاپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سەككىزىنچى پولك ھەربىي - ئوفىتسېرلىرى ۋە قەلەي كان كېلىشىمىگە ئالاقىدار كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ھەربىي خادىملىرىنىڭ، ئىلگىرىكى كېلىشىم بويىچە شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشى كېرەكلىكىنى، پەقەت شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتىگەن سوۋېتلىق مەسلىھەتچىلەر، تېخنىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوختۇرلارنىڭ چېكىنىشىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شىڭشىسەي بايانات بېرىپ بۇنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باش كونسۇل پۇشكىن ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتمىسە، شىڭشىسەينىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ. شىڭشىسەي كەسكىن پوزىتسىيە بىلەن جاۋابەن« ھەرقانداق زۆرۈر ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، «شىنجاڭنىڭ» ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغدايمىز؛ جەڭ قىلىشتىن باش تارتماي، سىرتتىن كەلگەن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرىمىز» دەيدۇ[9]. شۇ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىن[10] چۇڭچىڭدا جىياڭ جېيىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، «شىنجاڭ» مايتاغ نېفىتلىكى ۋە دىخۇا ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنىڭ داۋاملىق ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن باشقۇرۇشقا بولىدىغان بولمايدىغانلىقى

توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇ، جىياڭ جېيشى بۇنى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى قىلغانلىق، كېلىشىم ئىمزالىشىپ ئاندىن ئىجرا قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ، ھەمدە «ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بارلىق ئالاقە، چوقۇم مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك»دەپ كۆرسىتىدۇ[11].

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «قايتۇرۇۋېلىش» سىياسىتىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پوزىتسىيەسىگە قارىتا ئىشەنچىسى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى جون كارتېر ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە يوللىغان خاتىرىسىدە، ئۆزىنىڭ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سىياسىي ئىشلار مۇئاۋىن باشلىقى فۇبىڭچاڭ بىلەن 1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى تىلغا ئېلىپ، يېقىندىن بۇيانقى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا، فۇبىڭچاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان «ھوقۇقىنى» كېڭەيتىشىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسىنىڭ ئۆزلىرىنى مەمنۇن قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرچە بۇ خىل پوزىتسىيەدە بولۇشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا سىڭىپ كىرىش سىياسىتىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر ياپونىيە سىبىرىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ قالسا، خىتاينىڭ رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن، شۇڭلاشقا دوستانە ئۇسۇللار بىلەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار سۈركىلىش ياكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنى پەملاۋاتقان ئىدى[12].

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، پۈشكىن شىڭشىسەي بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ جاۋاپ قايتۇرغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي مەسلىھەتچىلەردىن باشقا مەسلىھەتچىلەرنى، تېخنىك مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە دوختۇرلارنى قايتۇرۇپ چىقىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى.لېكىن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق «قىزىل ئارمىيە سەككىزىنچى پوللىك» ھەربىي ئوفىتسېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ۋە ھەربىي مەشقاۋۇللارنىڭ چېكىنىش مەسىلىسىنىڭ تېخى كۈنتەرتىپ ئىچىدە ئەمەسلىكىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتنى كەينىگە سوزماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەچكە، قاراردا قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، « ئەگەر كان ئىشچىلىرى ۋە ئۆلچىگۈچى خادىملار تەلىپىم بويىچە ئىش كۆرمىسە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق ئۇسكىنە تەمىن ئەتمىگەندىن سىرت ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ كاپالەتلىك قىلمايدۇ. ئەگەر ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ۋە مەشقاۋۇللار بۇيرۇققا بويسۇنمىسا، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدۇ، ۋە كېيىنمۇ ھېچقانداق تۆلەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر قىزىل ئارمىيە سەككىزىنچى پوللىكى چېكىنىپ چىقىپ كەتمىسە، چېگرا مۇداپىئە كومىتېتى ئەزالىرى ئۇلارغا بولغان بارلىق خىزمەتلىرىنى توختىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا يەم - خەشەكلەرنى تەمىنلىشىنى چەكلەيدۇ. ئەگەر بەختىكە قارشى ھەرقانداق بىر ۋەقە كۆرۈلسە، مەسئۇلىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي

مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مەشغۇللىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. يۈز بېرىش ئېھتىمالي بولغان ھەرقانداق ناچار ئاقىۋەتكە قارىتا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سىز بىر ئادەم پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز كېرەك. ئاخىرىدا، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭغا» تاجاۋۇز قىلىنغانلىقىدەك بۇ رېئاللىقنى خىتاي خەلقىگە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلايمىز» دەيدۇ[13].

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پۈشكىن بىلەن شىڭشىسەي 5 - قېتىم كۆرۈشۈش ئېلىپ باردۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ يول قويۇپ، قەلەي كېنىدىكى بارلىق خادىملىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلغاندىن سىرت، 6 ئاي ئىچىدە بارلىق ھەربىي قوشۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلدۇ. شىڭشىسەي، 1940 - يىلدىكى مەخپىي كېلىشىم پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى، قەلەي كېنى بىلەن ئالاقىدار خادىملارنىڭ ھەممىسى چوقۇم 1 ئاي ئىچىدە ئايرىلىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىدۇ. پۈشكىن بولسا 1940 - يىلدىكى قەلەي كان كېلىشىمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدە چىڭ تۇرىدۇ، لېكىن شىڭشىسەي بۇنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ«شىنجاڭ» قەلەيچىلىك شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتمەيدىغان بارلىق، قۇرۇلۇش ۋە ئۈسكىنە ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى[14]. دەل مۇشۇ پەيتتە، 20 تانكا ئېلى چېگراسىدىن ھالقىپ جىڭغا بېسىپ كىرگەن ئىدى. شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئەسكىرىي بېسىمى ئالدىدا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈشكىندىن سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ دەرھال چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە«شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا قارىتا، ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ»دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىدۇ[15].

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، پۈشكىن يەنە بىر قېتىم شىڭشىسەينى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ھەربىي مەسلىھەتچى خادىملىرى، ھەربىي مەشغۇللار، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، قۇرۇلۇش خادىملىرى، دوختۇرلار ۋە قەلەي كان بىلەن ئالاقىدار بارلىق سوۋېت گىراژدانلىرىنىڭ، ئۈچ ئاي ئىچىدە چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق بىر پولىلىك ھەربىي قوشۇنىمۇ، «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە چېكىنىدىغانلىقىنى، يېڭى كەلگەن تانكا قىسمىنىڭ بولسا دەرھال شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى[16]. شۇنىڭ بىلەن، شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن تازىلاش تىرىشچانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپىقىيەتلىك بولدى. لېكىن، شىڭشىسەينىڭ سوۋېت كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى ۋە قىسمەن شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق سوۋېت گىراژدانلارنى قولغا ئېلىشتەك قىلمىشلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۋادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۈشكىن 1942 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىڭشىسەيگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭ» ج خ تارماقلىرىنىڭ سوۋېت گىراژدانلىرىغا قاراتقان

ئەدەپسىز ۋە چېكىدىن ئاشقان قىلىقلىرىغا قەتئىي يول قويالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى[17]. 1942 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىن دىخۇاغا يېتىپ كەلدى، ھەمدە دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇل پۇشكىن بىلەن بىرلىكتە 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىڭشىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، مۇھىم نۇقتىدا بىردەكلىك ھاسىل قىلالمىدى[18]. شۇ يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك بۆلۈمى قۇردى . زور بىر تۈركۈم گومىنداڭ سىياسىي ھەربىي خادىملىرى شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى ۋە «سوۋېت قىزىل ئارمىيە سەككىزىنچى پولكى»نى مەجبۇرىي چېكىندۈرۈش ئۈستىدە پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. شىڭشىسەي چۇڭچىڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1943 - يىلى 3 - ئايدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سەككىزىنچى پولكنىڭ كوماندىرى ۋاشىلىېۋاغا، ھەربىي قىسمىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ چىقىشىنى، بولمىسا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى[19]. ئەڭ ئاخىرى، 1943 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىش قارارى ئالدى.

## (2) شىڭشىسەينىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشى

1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن قويۇق باردى - كېلىشى بولغان شىڭشىسەينىڭ تۆتىنچى ئۇكىسى، ماشىنىلاشقان قىسىمنىڭ بىرىگادا كوماندىرى شىڭشىچى قەستكە ئۇچرىدى[20]. بۇ ۋەقە شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل كېسىپ تاشلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىنىشقا ئىرادە باغلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىڭشىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، يېڭى بىر«توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلو»سىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 300دىن ئارتۇق ئادىمىنى قولغا ئالدى. شۇڭا شىڭشىچى ئۆلۈپ ئىككىنچى كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» بايانات بېرىپ بۇنى «خەلقئارالىق چوڭ سۇيىقەست، موسكۋا بىلەن يەنئەن بىرلىشىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان»دېدى. شىڭشىسەي 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ستالىن (Joseph V. Stalin)، مولوتوۋ (Vyacheslav Mikhaillovich Molotov، 1890 - 1986) قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، باكۇلىن (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى)، لاتوۋ (چېگرا مۇداپىئە نازارەت مەھكىمىسىنىڭ سوۋېتلىق باش مەسلىھەتچىسى) ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى، شىڭشىچىغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقۇچىلار دەپ كۆرسەتتى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رازۋېدكا قىلىش ۋە سوراقتا تارتىش ئىشلىرىغا خادىم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى[21]. موسكۋا ئاللىبۇرۇن شىڭشىسەينىڭ سوۋېتقا قارشى سىياسىتىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولغان بولسا كېرەك، بىرە قۇر تالاش - تارتىشتىن كېيىن، شىڭشىسەينىڭ سوۋېتقا قارشى قىلمىشلىرىغا قارىتا قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ، بىر ئايدىن ئاشقاندا، يەنى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ شىڭشىسەيگە

جاۋاپ تېلېگراممىسى يوللاپ، بىرقانچە كۈن ئىچىدە تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى (يەنى مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى) ۋىلادىمىر گېئورگىيېۋىچ دېكانوزوۋنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ[22]، «مەخسۇس مايتاغ نېفىتلىكى مەسىلىسى ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. مولوتوۋ خېتىدە بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مايتاغ نېفىتلىكىنى «شىنجاڭ ھۆكۈمىتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەتتا ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستانغا قالدۇرۇپ قويىدىغان مەھسۇلات نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھەمدە رەسمىي كېلىشىم ئىمزالاش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەتتە يەنە شىڭشىسەيگە بېسىم ئىشلەتتى[23].

شىڭشىسەي خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى جىياڭ جيېشىغا ئالاھىدە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ «مۇئاۋىن مىنىستىر دېكانوزوۋ سوۋېت ھۆكۈمىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە شەخس، شىنجاڭ ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن بۇ قېتىمقىدەك مۇھىم خادىملارنى بىۋاستە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ باققان ئەمەس»[24] دېدى. 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جىياڭ جيېشى ئۆز قولى بىلەن شىڭشىسەيگە جاۋاپ خەت يېزىپ، ۋاڭ ۋېنخاۋ (1889 - 1971، ھەربىي تەمىنات ئىشلەپچىقىرىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ئارقىلىق لەنجۇدىكى جۇشياۋلياڭغا يەتكۈزدى، جۇشياۋلياڭ ۋاڭ ۋېنخاۋ بىلەن بىرلىكتە دىخۋاغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆز قولى بىلەن خەتنى شىڭشىسەيگە تاپشۇرۇپ، شىڭشىسەينىڭ مەركەزگە بولغان ئىرادىسىنى چىڭىتتى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇشياۋلياڭ، ۋاڭ ۋېنخاۋ، ماۋ باڭچۇ (جىياڭ جيېشىنىڭ بىرىنچى ئايالى ماۋ نىڭ جىيەنى) قاتارلىقلار دىخۋاغا يېتىپ كەلدى. جۇشياۋلياڭنىڭ بۇ قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشىنىڭ يەنە بىر مۇددىئاسى، جىياڭ جيېشىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن رەسمىي يوسۇندا شىڭشىسەي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئىدى. شۇ كۈنى، مولوتوۋ شىڭشىسەيگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم شەكلىدىكى بىر پارچە خەتنى يوللاپ، شىڭشىسەينىڭ ئىلگىرىكى دۆلەتكە ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلىدىغان قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ساناپ چىقتى، بۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇش نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى دېكانوزوۋ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مولوتوۋ شىڭشىسەينىڭ 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىغا بەرگەن جاۋاب خېتىنى ۋە مايتاغ نېفىتلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. جاۋاپ خەتتە مولوتوۋ، شىڭشىسەينىڭ باكۇلىن، لاتوف قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خىزمەتچى خادىملىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىغا بولغان ئەيىپلەشلەرنىڭ پۈتۈنلەي پىتنە - ئىغۋا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، «شىڭشىچىنى قەستلىگەن دەل شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزى، شىڭ دۇبەننىڭ ئۇنى قەستلىشى پەقەت «شىنجاڭدىكى» ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت بولىدىغان رىقابەتچىسىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەنلەرنى ئەسكەرتتى. شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۇ قېتىمقى «سۇيقەست ۋەقەسى»نىڭ رازۋېدكا قىلىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىش تەكلىپىگە قارىتا، مولوتوۋ «دېلونى تەكشۈرۈش «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ» ئىچكى ئىشى، شۇڭا خادىم ئەۋەتىشنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق، .....» دەپ قارايدۇ ۋە جاۋاب خېتىدە،

شەرقىي تۈركىستاندا هازىر يۈقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتمىگەن مۇھىم خادىملارنىڭ قولغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ناھايىتى ئېغىر خېيىم - خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپ قىسىم مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ يوقاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەل شىڭشىسەينىڭ ئەتراپىدىكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ سۈيقەستچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مولوتوۋ خېتىدە يەنە شىڭشىسەينىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە قىلغان ئاسىيلىقلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ: 1934 - يىلى شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇش ۋە گەنسۇ، شەنشىگىچە كېڭەيتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شىڭشىسەي بۇنى جىياڭ جېيىشى رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى يىقىتىشنىڭ، ھەتتا خىتاينى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن بىر يولى دەپ كۆرسەتتى؛ 1936 - يىلى 12 - ئايدىكى «شىئەن ۋەقەسى» دە پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرتسىز جاڭ شۆلياڭغا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ» بارلىق كۈچى بىلەن جاڭ شۆلياڭنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا بايانات بەردى؛ 1941 - يىلى 1 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن «بۆلۈپ» چىقىپ «شىنجاڭ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش تەكلىپى قاتارلىق «ئاسىيلىق» قىلمىشلىنى ئەسلىتىپ بۇنىڭغا قارىتا «زۆرۈر بولغان يەكۈننى چىقىرىپ، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇۋاپىق چارىسىنى ئىزدەپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دەپ ئېيتتى[25].

شىڭشىسەي بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئىنكار قىلمىدى، 7 - ئىيۇل جىياڭ جېيىشىگە ئۆزىنى ئاقلاپ خەت يازدى ۋە خېتىدە شۇنۇلارنى بايان قىلدى: « بۇ مېنىڭ ئەسلا چىن قەلبىمدىن تەلەپ قىلغان ئەمەس، مەن پەقەت سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ زېمىنىغا نىسبەتەن قارا نىيىتى بار - يوقلىقىنى، ھەققىي تۈردە ماركسىزمنى ئىجرا قىلىپ قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدىم خالاس. چۈنكى 1940 - يىلى ۋە 1941 - يىللىرى ئارىسىدا، بىر «شىنجاڭدىكى» ئۇيغۇر، تاتار، ئورۇس ۋە تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلاڭ سۈيقەستىنى پاش قىلدۇق، دېلودىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنى خىتايدىن بۆلۈپ چىقىپ ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرۇش ئىكەن. بۇ دېلوغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىنجاڭدىكى ھەرمىللەتتىن بولغان ئەڭ ئابرويلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، بۇ ۋەقەنى پىلانلىغۇچى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۋادا تۇرۇشلۇق سابىق باش كونسۇلى ئوۋدىيەنكو (I H . Ovdienko) ئىكەن، دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن، ئون نەچچە قاتىل ۋە يۈزلىگەن قاتناشقۇچىلار قولغا ئېلىنىپ تىنجىتىلغان ئىدى. بۇ دېلونىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلىشىمىزچە، بۇنىڭ تىروتسكىچىلار (Trotskyism) ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن تەشكىللەنگەن سۈيقەست ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى، پەقەت ئۆز ۋاقتىدا بىز ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنەلمەي قاپتىكەنمىز. شۇڭا پېقىر دېلونىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىلغان قىلمىغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەتنى يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى

بىلمەكچى ئىدىم. ئۇلار پىقىرنىڭ ئىنقىلاش مەقسىتىنى بىلىپ قالغان چېغى، هازىرغىچە جاۋاپ كەلمىدى»[26]. شىڭشىسەي 7 - ئىيۇلدىكى جياڭ جېيىشىغا يېزىلغان بۇ خېتىدە يەنە، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ سەممىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مەركەزگە بويسۇنۇش ئىرادىسىنى بىلدۈردى[27]. چۇڭچىڭ گومىنداڭ هۆكۈمىتى شىڭشىسەينىڭ ئىپادىسىگە قارىتا قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىس-تىرى مولوتوۋ ۋاستىلىق ئەۋەتكەن خەتنىڭ تەكرا نۇسخىسىمۇ 1942 - يىلى 9 - سېنتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالىكساندىر پانيۇشكىن تەرىپىدىن جياڭ جېيىشىغا يۈزتۇرانە تاپشۇرۇلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، موسكۋا تەرەپ، شىڭشىسەينىڭ سوۋېتقا قارشى قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ هۆكۈمىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، گومىنداڭنىڭ قولى ئارقىلىق شىڭشىسەينى جازالاشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى، بۇ ئارقىلىق شىڭشىسەينى تامامەن يالغۇز قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ۋەهالەنكى، جياڭ جېيىشى شىڭشىسەينى جازالىمىدى، ئەكسىچە پانيۇشكىنغا « هۆكۈمەتلەر شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك هەرقانداق ئىشنى پىرقە دۆلەت مەركىزىي هۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىششى كېرەك، شىڭ دوبەن بىلەن بىۋاستە سۆزلىششكە بولمايدۇ. باش ئەلچى جاناپلىرىنىڭ بۈگۈن ئېيتقانلىرىغا كەلسەك، مەن ئالدى بىلەن بۇ خەتنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى» دەپ جاۋاپ قايتۇردى[28]. 16 - ئىيۇل پانيۇشكىن يەنە بىر قېتىم جياڭ جېيىشىنى زىيارەت قىلىپ، چۇڭچىڭ هۆكۈمىتىنىڭ شىڭشىسەيگە بولغان پوزىتسىيەسىنى بىلمەكچى بولدى[29]. جياڭ جېيىشى بولسا «بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلا بولىدىكەن، مەركىزىي هۆكۈمەتلەرنىڭ پىرقە دۆلەت مەركىزىي هۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە مەسلىهەتلىششىنى سەممىيەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن، ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمدى شىنجاڭ دائىرلىرى بىلەن سۆزلەشمەسلىكلەر كېرەك» دەيدۇ. هەم پانيۇشكىندىن «شىنجاڭ» مەسىلىسى، پۈتۈنلەي پىرقە دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى سوۋېت هۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى سورايدۇ. جياڭ جېيىشى يەنە پانيۇشكىنغا، چۇڭچىڭ هۆكۈمىتىنىڭ جۇڭشياۋلىياڭ قاتارلىقلارنى شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شىڭشىسەينى سوۋېت تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا پىرقە دۆلەت مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا نازارەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى[30]. بۇنىڭدىن جياڭ جېيىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. دەل مۇشۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى دېكانازوفمۇ شەرقىي تۈركىستاندا بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ شىڭشىسەينى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان ئىدى[31]. شىڭشىسەينىڭ 23 - ئىيۇل جياڭ جېيىشىغا يوللىغان دوكلاتىدىمۇ دېكانازوفنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشتىكى ۋەزىپىسى هەققىدە توختىلىپ«دېكانازوف بۇ قېتىمقى شىنجاڭ زىيارىتىدە مولوتوۋنىڭ ئىككى هۆججىتىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بىرى مايتاغ نېفىتلىكى مەسىلىسى هەققىدە، يەنە بىرى بولسا سوۋېت خادىملىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ

بارغان 12 - ئاپرېل ۋەقەسى ۋە شىڭ شىچى لۈيجاڭنى قەستلەش مەسىلىسى ھەققىدە بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ پىقىرنىڭ ئۇلارغا قارا چاپلىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە»[32] دېدى. شۈبھىسىزكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە قارىتا، جىياڭ جېيشى بىلەن شىڭشىسەي سەمىمىي ھەمكارلىشىپ تاشقى كۈچكە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى تاللىغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شتاب باشلىقى خې يىڭچىن 12 - ئىيۇل جىياڭ جېيشىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرىۋېلىشنى مەسلىھەت قىلىش گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ، 13 - ئىيۇل «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش تەدبىرى»نى چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇردى. «تەدبىر»دە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ پەيتتىكى ۋەزىيىتى مۇلاھىزە قىلىنىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن تامامەن كۈچى يېتىدۇ، پەقەتلا ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت تۈپەيلى، ئوچۇق - ئاشكارە قوراللىق ھالدا شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلىۋېلىش، ئۇنىڭ خىتايغا تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىنى ئاشكارلاپ قويىدۇ، بۇ ئىستراتېگىيە ۋە سىياسىي تاكتىكا جەھەتتىن پايدىلىق ئەمەس بۇ قېتىمقى خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك. ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى مەقسەتلىك ھالدا شىڭشىسەي بىلەن مەركەزنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، بىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىمىزگە قارىتا ھېچقانداق يامان غەرىزى يوقلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. لېكىن بىر قورچاق ھاكىمىيەتنى يۆلەپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قوغدىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بىرىنچى قەدەمدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈستۈنلۈك ئورنىنى چەكلەش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كۈچلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ ئېلىپ كىرىش كېرەك، يەنى ئامال قىلىپ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكالىق خىرىستىيان مۇرتلىرىنى شىنجاڭغا چوڭقۇر چۆكۈپ دىن تارقاتقۇزۇش ئارقىلىق <سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئويلاشقا ۋە ئازراق ئۆزىنى تارتىشقا مەجبۇر قالدۇرۇش> شىڭشىسەينىڭ قەلبىنى مەركەزگە مايىل قىلىپ، تەدرىجى ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەش، ھەربىي ۋە سىياسىي خادىملارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا سۇيقەست قىلىشتىن تەپتارتقۇزۇش، ئالاھىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ، ھەربىي جەھەتتىن خېشى بولۇپمۇ يۈمىنگۈەندىكى ئەسكەر كۈچىنى كۈچەيتىش، جەنۇبتا ئايرىدورۇم ياساپ، ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇش كېرەك، تىبەتكە بولغان كونتروللۇقنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق غەربىي جەنۇپ مۇداپىئە قىسمىنىڭ ھەر ۋاقىت شىنجاڭغا ھەمدەمدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى قەدەمدە، ياپونىيەنىڭ سوۋېتقا ھوجۇم قىلىشى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشى ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق شارائىت تۇغۇلغاندا، دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىشىمىز كېرەك، ھەربىي كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەرقانداق مۇقىمسىز ئۇنسۇرنى تازىلاپ ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قەتئىي

قايتۇرۇپ ئېلىشىمىز كېرەك، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ، بولمىسا بۇ پىلان تېزلا بەربات بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار» دەپ كۆرسىتىلدى[33]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن شىڭشىسەينى قوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈچلىرىنى تازىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى بىۋاستە كونترول قىلىپ، ئۇزۇندىن بېرى يېرىم مۇستەقىللىق ھالىتىدە تۇرغان شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شىڭشىسەينى ۋەزىپىسىن ئېلىپ تاشلىدى.

بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا، جياڭ جېيشى جۇشياۋلياڭ (سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونى قوماندانى) ۋە ماۋباڭچۇ (جياڭ جېيشىنىڭ قېيىن ئىنىسى، ھاۋا ئارمىيە قوماندانى) لارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. بۇ ئىككەيلەننىڭ يەنە باشقا ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى، جۇشياۋلياڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە شىڭشىسەي بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە سۆھبەت ئېلىپ بارماقچى ئىدى؛ ماۋباڭچۇ بولسا بۇ پۇرسەتتە، «شىنجاڭ» ھاۋا ئارمىيە بازىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ھىندىستانغىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خىتاي - ھىندىستان ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسىنى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ماددىي - ئەشيالارنى ئىچكىرىگە توشىماقچى ئىدى. ئەلۋەتتە، شىڭشىسەيمۇ بۇ پۇرسەتتە ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم تەلىپىنى يەتكۈزگەن ئىدى.

1942 - يىلى 20 - ئاۋغۇست، جياڭ جېيشى لەنجۇدىكى يىغىندا 42 - ئارمىيەنىڭ گەنسۇنىڭ شىمالىدىكى يۈمىنگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قۇمۇلدىكى 8 - پولكىغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى[34]. 29 - ئاۋغۇست كۈنى، جياڭ جېيشى ئايالى سۇڭمېيلىڭ ۋە جۇشياۋلياڭنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا، ئۆزىنىڭ كېيىنكى نىشانى سۈپىتىدە، جۇشياۋلياڭ شىڭشىسەيگە شۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: « (1) گەنسۇ چېگراسى ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى لەنجۇدىن ئەنشى، يۈمېنلەرگە كىرگۈزۈپ، قۇمۇلدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى چۈشەپ تۇرۇش؛ (2) شىنجاڭ دىپلوماتىيە ئالاھىدە ۋەكىلى تەيىنلەپ، مەركەزگە شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ (3) شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى تازىلاش؛ (4) سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىشىنى مۇزاكىرە قىلىش[35]». ئۇنىڭدىن باشقا سۇڭ مېيلىڭ: مەركەزنىڭ شىڭغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى، كېلەچەكتىكى «شىنجاڭنىڭ» ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە مەركەزنىڭ ياردەمدە بولۇش بولماسلىقىنىڭ تامامەن شىڭنىڭ قارارى ئىكەنلىكىنى[36] ئېيتتى. شىڭشىسەي بولسا «بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىمەن، مەركەزنى ھىمايە قىلىشقا قەسەم ئىچىپ، پارتىيەگە سادىق بولىمەن ھەم داھىمىزگە مۇتلەق بويسۇنىمەن»دەپ ساداقىتىنى ئىپادىلىدى.

شىڭشىسەينىڭ قارىشىچە، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتىكى

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بولغاچقا، بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى «دوستلۇق مۇناسىۋەت»نى كاپالەتلەندۈرۈشتە پەۋقۇلئاددە ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى[37]. جياڭ جېيشى شىڭشىسەيدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا باشلاپ كىرىش پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا ئېچىشىغا قوشۇلدى ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئەيمىنىشكە مەجبۇرلاپ، ئاخىردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يول قويۇپ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىندۈرۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىندۈرۈش ھەمدە ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەسلىكى ئۈچۈن، 1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يوليورۇق بېرىپ، ئامېرىكادىن شەرقىي تۈركىستاندا كونسۇلخانا ئېچىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئامېرىكامۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان ئىدى. 1943 - يىلى 19 - ئاپرېل، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كونسۇلى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان بولدى. جياڭ جېيشىمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندەك قىلاتتى[38].

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2 - سېنتەبىر كۈنى «شىنجاڭ» خاس ۋەكىل مەھكىمىسىنى ئېلان قىلدى ۋە 28 - كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىسى مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ دىپلوماتىيەلىك ھوقۇق دائىرىسىنى ئايرىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى[39]. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ مەركەز ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قەدىمىنى باسقان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ جياڭ جېيشى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا بولغان تەھدىتىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى. 1942 - يىلى 5 - دېكابىر جياڭ جېيشى «سوۋېت ئىتتىپاقى ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ مەسىلە، ئۇرۇشتىن كېيىن تىنچ ئوكيان مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى دەل خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش تۇرالماسلىقى بولۇپ قالىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جياڭ جېيشى شەرقىي تۈركىستاندا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى[40]. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئەنسىرەش جياڭ جېيشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قولغا چۈشۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 21 - ئۆكتەبىر جياڭ جېيشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈش پرىنسىپى ۋە قەدەممۇقەدەم شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇپ ئېلىش دوكلاتىنى سۇندى[41]. چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى، 21 - دېكابىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىل ۋۇزىشياڭدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا مايتاغ نېفىت كېنى كېلىشىمى يوقلىقىغا دائىر ئۇچۇرغا ئېرىشكەندىن كېيىن 24 - دېكابىر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان نېفىت مەسىلىسىنى ئالدى بىلەن ئىقتىساد ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەخپىي بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدى[42]. 28 - دېكابىر جياڭ جېيشى شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىلنىڭ تاشقى ئىشلارغا چېتىشلىق ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇقىنى تەستىقلىدى[43]. جياڭ جېيشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى

قەدەممۇقەدەم قولغا ئېلىش ئىشىدىن ناھايىتى رازىدەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ 1942 - يىلى 31 - دېكابىردىكى بىر يىللىق ئومۇمىي خۇلاسىسىگە، «شىنجاڭنىڭ» مەركەزگە بويسۇنۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»دەپ يازغان ئىدى[44].

1943 - يىلى 17 - يانۋار، پانيۇشكىن دۆلىتىگە قايتىپ خۇلاسە دوكلاتى بەرگەندىن كېيىن چۇڭچىڭغا قايتىپ كېلىپ جياڭ جېيشى بىلەن كۆرۈشتى، ھەمدە ستالىننىڭ سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاغزاكى ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان دوست دۆلەتلەردىن ئىكەنلىكىنى، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ سەممىي دوستلۇقى ئاستىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى دوستلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى[45]. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، خىتايغا بولغان دوستانە سىياسىتىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان ئىدى[46]. 24 - يانۋار كۈنى جياڭ جېيشى شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ دىپلوماتىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن تولۇق ھوقۇق بېرىشنى ماقۇللىدى[47]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گومىنداڭ مەركەز ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ھۆكۈمىتى» بىلەن گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىق چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى[48]. گومىنداڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» گە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ پارتىيە گېزىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتى. گومىنداڭنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك» پارتىيە بۆلۈمى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باسمىچىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ مەسىلەك» ۋە «خىتاينىڭ تەقدىرى» (جياڭ جېيشى يازغان) دېگەنلەرنى كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىشقا باشلىدى.بورھان (ئۇ چاغدا تۈرمىدە ئىدى) ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن «ئۈچ مەسىلەك» شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ئورگان ۋە مەكتەپلەرنىڭ زۆرۈر ئۆگۈنۈشلۈكى قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ باشقا «يېڭى شىنجاڭ» ۋە «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلىنى بېسىپ تارقىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە، لياڭ خەنتساۋ (梁寒操، 1899 - 1975، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان) ۋە جاڭ جىجى (张志智، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى) لار كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا، جامائەتلەرنىڭ مەسچىتكە توپلىنىشىدىن پايدىلىنىپ ئوچۇق لېكسىيە سۆزلەپ، ئۈچ مەسىلەكنى تەشۋىق قىلىشقا، ھەمدە ئۈچ مەسىلەك بىلەن شىڭشىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنىڭ باغلىنىشچانلىقىنى تەكىتلەشكە باشلىدى[49]. 1943 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە قىسمەن ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى تامامەن كونتروللۇقىغا ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەن گومىنداڭ ھۆكۈمەت قوشۇنى ئايروپىلان، ئېغىر زەمبىرەكلەرگە ئىگە خىل قوشۇن بولۇپ، ياپونلار بىلەن جەڭ قىلىشقا

ئەۋەتىلمەي ئەكسىچە، «دوست» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەن گومىنداڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئارىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىك سۆز - چۆچەكلىرى بولغان ئىدى[50].

گەرچە «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك پارتىيە بۆلۈمى ناھايىتى ئاكتىپ ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى كۈچەيتكەن ۋە تېز سۈرئەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمىغا قارىتا، شېڭشىسەيدە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان ئىنتىلىشى، شۇنداقلا جىياڭ جېيشىنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى تېزرەك شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ئارزۇسى شىڭ - جىياڭ بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ خىل بىرلىشىپ سىرتقا تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى تېزلا ئۈنۈم بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى، جىياڭ جېيشىمۇ بۇنى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت دەپ ھېسابلىغان ئىدى.

## (3) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلاجسىزشەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشى

1943 - يىلى 3 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، شېڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋاشىلىيوفقا رەسمىي يوسۇندا ئۇقتۇرۇش قىلىپ«قىزىل ئارمىيە 8 - پولكى» نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدۇ. 1943 - يىلى 4 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلدۇ. 10 - ئاپرېل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۈشكىن شېڭشىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنۇلارنى ئۇقتۇردۇ: (1) «شىنجاڭدىكى» گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى (شىنجاڭ قەلەيچىلىكى) نىڭ بارلىق خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي توختايدۇ؛ (2) تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى ۋە ئۈسكىنىلەر ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ؛ (3) خىزمەتچى خادىملار ئۈسكۈنە - ئەشيالارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكۈچى بولغان ئارىلىقتا، «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولايلىق يارىتىپ ماسلىشىپ بېرىشىنى سورايمىز[51]. 1943 - يىلى 15 - ئاپرېل، پۈشكىن شېڭشىسەي بىلەن جىددىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىڭ دۇبەنگە شۇنۇلارنى ئۇقتۇرماقچىمەن، ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى، يېقىندا بارلىق ئىشچى، تېخنىكا ۋە باشقۇرغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنە -ئەشيالارنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ.» پۈشكىن شېڭشىسەيگە بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۇ[52]. 17 - ئاپرېل شېڭشىسەي جىياڭ جېيشىغا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا مۇنۇ مەزمۇندا دوكلات يوللايدۇ: (1) سوۋېت

ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 8 ـ پوللىكنى قوبۇلدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى قارار قىلىپ بولغان؛ (2) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوبۇلدا تۇرۇشلۇق ئۇچقۇچىلار ئەترىتىمۇ تامامەن سوۋېتقا قايتۇرۇلىدىكەن؛ (3) ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى (دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ياساش زاۋۇتى)مۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنغان، ھەمدە بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈسكۈنە ـ ئەشيالارنى ئېلىپ «شىنجاڭ» ئارقىلىق سوۋېتقا قايتماقچى بولدى[53]. شىڭشىسەي خېتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارارىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:«خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر، شۇنداقلا ئامېرىكا كونسۇلى ئېدمۇند كىلاب (O. Edmund Clubb)نىڭ شىنجاڭغا كېلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۇ قارارنى چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە بولسا پىرقە دۆلەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداقلا جاناپلىرىنىڭ يۈكسەك كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە مۇقەددەس پەزىلىتىنىڭ تەسىرىدىن بۇ قارارنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان[54]. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن رەسمىي يوسۇندا ئىپادە بىلدۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەقەت ئاز مىقداردىكى تىجارەتنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، شىنجاڭ بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ[55]. بۇ بايانات گەرچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق تەلىپىگە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىيى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز بولۇپ، سوۋېت ـ شەرقىي تۈركىستان ئىككى تەرەپ سودىسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە زەربە بېرىدىغان سەلبىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى[56].

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋۇگوجېن چۇڭچىڭدا پانيۇشكىنغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئايروپىلان زاۋۇتى ۋە نېفىت كان مەسىلىسى ھەققىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن تېزراق پۈتۈشۈش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنۇلارنى ئېيتتى: «ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نۆۋەتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى تۈپەيلى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولسا، بۇنىڭغا قوشۇلۇشقا بولىدۇ؛ ئەگەر بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا، ختاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئايروپىلان زاۋۇتى ۋە نېفىت كانىدىكى ئەسلىھەلەرنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ختاي تەرەپ تېخنىكىلىق ئەسلىھەلەر ۋە خادىملارنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا سوۋېت تەرەپ بىلەن ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشنى خالايدۇ»[57]. جياڭ جېيشى ئىككىنچى كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئېيتقانلىرىنى شىڭشىسەيگە ئۇقتۇرغاندا بولسا، «خەلقئارا ۋە ياكى ياپون، رۇس ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، پەقەت يول قالمىغاندىن باشقا ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىبۇرۇن قۇرۇلۇپ بولغان ئەسلىھەلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار قانچە بالدۇر چېكىنىمىز دېسە بىز تەرەپمۇ ئامال بار شۇنچە بالدۇر ماسلىششى كېرەك، تۇتۇپ قېلىشنىڭ ھېچ لازىمى يوق، ھەم

ئىككىلىنىشنىڭمۇ هاجىتى يوق. بىزنىڭكىلەر ئېسىلىپ تۇرۋالغىنى پەقەتلا ھەق ۋە قانۇن مەسىلىسى خالاس، ئازغىنە ئۈسكۈنىلەرنى دەپ دۆلەتنىڭ هوقۇقىغا زىيان سالىدىغان كېسەل مەنبەسىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ هېچ زۆرۈرىيىتى يوق» دەيدۇ[58]. بۇنىڭدىن جىياڭ جېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىنى دەرهال چىقىرىۋېتىش ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پانيۇشكىن 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، خىتاي هۆكۈمىتىگە قىسقا نوتا يوللاپ، شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئېلىپ بارغان «قانۇنسىز ۋە ئۆچمەنلىك قىلمىشلىرى»نى ئەيىبلەيدۇ، ۋە «شىڭشىسەي - سوۋېت مەخپىي كېلىشىمى»نى خىتاي هۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى تولىمۇ ئايدىڭ بولۇپ، مەركەز بىلەن شىڭشىسەي ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچىنى بۇزۇش، شۇنداقلا شىڭشىسەيدە مەركەزگە قارىتا گۇمانى خەۋپسىرەش پەيدا قىلىش ئىدى[59]. ئۇ يەنە «شىنجاڭ» هۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قىلمىشلىرىغا قارىتا سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى ئېيتىدۇ، قاراردا شۇنۇلار بار ئىدى: « (1) ئۈرۈمچى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىشچى خىزمەتچىلىرىنى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش؛ (2) مايتاغدىكى نېفىت پىششىقلاش خىزمىتىنى توختىتىپ، ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە ئۈسكىنىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ چىقىش؛ (3) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق سودا - سانائەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىسقارتىش؛ (4) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق باشقا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلىش[60]» .

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق قىسمى (قىزىل ئارمىيە 8 - پولكى) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈركۈمدىكى 200دەك ئوفىتسېر - ئەسكەر 1943 - يىلى 4 - نويابىرغىچە ھەممىسى چېكىنىپ چىقىپ، ئېلىنىڭ غەربىدىكى خىتاي - سوۋېت چېگراسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ [61] ئەمەلىيەتتە بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرى 1944 - يىلى باهارغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان مەشغۇلات، مەسلىھەتچىلەر ۋە باشقا مەخسۇس خادىملارنىڭ سانىمۇ بىر ئىككى تۈمەن ئەتراپىدا بار ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى هالقىلىق باسقۇچقا قەدەم قويغان بولۇپ، ستالىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالغا ئۇنچە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمايتتى، شۇڭلاشقا بۇ خادىملارنى قەدەممۇ - قەدەم چېكىندۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىغا ئىشلىتىلىپ شەرققە ئايرىپ بېرەلمىگەچكە، سوۋېت خادىملىرى تاكى 1943 - يىلى قىشتا ئاندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى.

1942 - يىلى 10 - ئايدىن 1943 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇرۇنقى ھەيۋىسىنى يوقاتقان سوۋېت دائىرىلىرى، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ شىڭشىسەي بىلەن گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ هەرخىل تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشى، پەقەت سوۋېت

- گېرمان ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن شەرققە كۈچ ئاجرىتالماسلىقىدىن ئىدى. گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېنېرگىيە، ھەربىي ئەشيالار ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇر قالدى. شىڭشىسەينىڭ تەھلىلىچە بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، ياپونىيە ئەگەر سىبىرىيەگە ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە ختاي - سوۋېت دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ، سوۋېت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭلاشقا بارلىق سۈركىلىش ۋە ئۇقۇشماسلىقلارنى دوستانە ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى ئاقلانىلىك دەپ قارايتتى[62]. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىش سەۋەبى: ئالدى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ مەزگىلدە گېرمانىيە بىلەن جىددىي ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈستىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە تىركىشىشتىن ئۆزىنى ساقلىغانلىقىدىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ختاينىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقىنى» ئانچە ھۆرمەت قىلماي، بىۋاستە شىڭشىسەي بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پرىنسىپ جەھەتتە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەنلىكىمۇ مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلىناتتى[63] . ئەسلىدە، بۇ مۆلاھىزىلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر كەمتۈكلۈكلەر مەۋجۇتتۇر. 1943 - يىلى 2 - ئايدىن تارتىپ 200 كۈن داۋام قىلغان ستالىنگراد ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان ئىدى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پۈتكۈل سوۋېت - گېرمان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپلا قالماي، يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىشقا قارار بەرگەن ۋاقىت، نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىق ۋاقتى ئەمەس. يەنى، سوۋېت كۈچلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن تامامەن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن ۋاقىت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيەگە قارشى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش كۈچىگە ئىگە بولغان ۋاقتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن مۇناسىۋىتى بار، بۇ ۋاقىت دەل موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى قايتىدىن تەڭشەپ چىقىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولغانلىقى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. شىڭشىسەينىڭ تەھلىلى ئومۇمىي ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن مۇمكىنچىلىكى بار، ئەمما يەنىلا تالاش - تارتىش يارىتىدىغان بىر تەھلىل دېيىشكە بولىدۇ. 1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيە ئۆزئارا «سوۋېت - ياپون بىتەرەپلىك شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى مەنپەئەتىنى ئالغاندىن باشقا، بىر - بىرىگە بولغان ئەندىشىسىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ھەل قىلدى. بۇ شەرتنامە ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن بىخەتەر مۇھىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى [64]. ئوخشاشلا، بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ئوتتۇرا قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىمەي پۈتۈن كۈچىنى گېرمانىيە ئارمىيەسىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق مۇھىت يارىتىلغان ئىدى[65]. شۇڭلاشقا « سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەنىڭ سىبىرىيەگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ختاي بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا مەجبۇر بولغان» دەيدىغان كۆز - قاراشلار يەنىلا كىشىلەردە گۇمان قوزغايدۇ. ئامېرىكانىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى 1943 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەدمىند كىلاب (Admund Cululb) نىڭ باش كونسۇللۇققا تەيىنلىنىشى بىلەن ئىش باشلىدى[66]. ئەنگلىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بولسا 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قۇرۇلدى[67]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكانىڭ جاسۇسلىرى، مۇخبىرلىرى ۋە ھەرقايسى سودا بانكىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئامېرىكىنىڭ باش كونسۇلخانىسىنى قۇرغان بولۇپ، مەخسۇس سوۋېتقا قارشى خىزمەتلەرنى تەتقىقات قىلىدىغان ئامېرىكانىڭ داڭلىق جاسۇسى ئەدمىند كىلاب باش كونسۇللۇققا تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ قۇمۇل، ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەردە ئامېرىكانىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى[68]. يەنى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىش قارارىدىن كېيىن ئىدى، شۇڭلاشقا « سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىن ئەندىشە قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىققان» دەيدىغان كۆز - قاراشلارمۇ ئانچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پرىنسىپ جەھەتتە تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان» دەيدىغان كۆزقاراشقا كەلسەك، بۇ خىل قاراشمۇ ئانچە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، خەلقئارا مۇناسىۋەتتە پرىنسىپ جەھەتتىكى ھەق - ناھەقلىق مەۋجۇت ئەمەس، پەقەتلا مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ھەمكارلىشىش ياكى رىقابەتلىشىش مەۋجۇت. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى مۇڭغۇلىيە بىلەن تاندى ئۇرانخەي (唐努乌梁海) نى ئېلىۋالغاندىمۇ پرىنسىپ جەھەتتە ھەق - ناھەق مەسىلىسىنى ئويلاشمىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونتروللىقىغا ئېلىشى پەقەتلا گېئوپولىتىك بىخەتەرلىكنى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى نىشان قىلغان ئىدى. ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گائۇس ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فۇبىڭچاڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېلان قىلغان باياناتنامىسىدىمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى تەكىتلەيدۇ: «شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوشنا، ختاينىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تىجارەت مەركىزىدىن يىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىپ سەۋىيەدە چېگرا سودىسى قىلىشى ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. رۇسلار شىنجاڭنى ناھايىتى يېقىندىكى قوشنىسى سۈپىتىدە كۆرگەچكە، شىنجاڭنى ئېچىش ئىشلىرىغا تولىمۇ قىزىققان بولۇشى مۇمكىن»[69]

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن جىياڭ جېيشى ۋە شىڭشىسەي ئالدىن كۆزلىگەن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ختاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يامانلىشىپ كەتتى، بۇ خىل

ياماندىشىشقا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەزىيەت، دەل 1943 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي - سوۋېت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىمىن ماجىراسى ۋە قوراللىق توقۇنۇشلار بولدى.

## ئىككىنچى، شەرقىي تۈركىستانغا قايتىش: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇرۇلۇشى

### (1) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۆچ ئېلىشى

### (2) شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشى

### (3) شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قايتىدىن تۇغۇلۇشى

1944 - يىلى ئەتىيازدىن ئېتىبارەن، «شىنجاڭ» دۇبەنى شېڭ شىسەي (1897 - 1970) ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن[70]، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال ئىنتىقام ئېلىشقا باشلىدى. لوجىگاڭنىڭ ئانالىزىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مىڭبىر مۇشەققەتتە توپلىغان غايەت زور مەنپەئەتىنىڭ بىر كېچىدىلا يوق بولۇشى، تەبىئىي ھالدا سوۋېتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شېڭ شىسەي ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزلىرى خىيىم - خەتەر ئاستىدىكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چوڭ ياردەملەرگە ئېرىشكەنلىكلىرىگە قارىماي، قارىغۇنى ياردا قىستاپ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىغان ئىدى. بۇ خىل مەنپەئەت ئامىلى ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنىڭ بىرلىشىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشى بىلەن تەڭ ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىگە تۈرتكە بولدى[71]. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سوۋېت – شەرقىي تۈركىستان تىجارەت سوممىسىنى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەتتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئىقتىسادىي تۈرىنى چېكىندۈرۈپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇزۇندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە كەمچىل بولۇشى بىلەن مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ، خەلقنى قاتتىقچىلىقتا قويدى. جياڭ جيېشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېكىنىشى بىلەنلا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان ئىسيانلارغا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى. بۇ ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئورنىنى يوقاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى بۇرۇنقى خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ يەرلىك مىللەتلەر توپىلىڭىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنى قوللاپ خىتايلارغا قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى[72].

## (1) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۆچ ئېلىشى

سوۋېت ئىتتىپاقى 1943 - يىلى 4 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىن تامامەن چېكىنىش قارارىنى بېرىش بىلەن بىرگە، يېڭى بىر شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى تۈزۈپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن؛ چۈنكى، 1942 - يىلى 10 - ئايدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشكە ھېچ ئۈنىمىغان موسكۋا تەرەپ ئالتە ئايدىن كېيىن، تۇساتتىن كەسكىن بىر قارارنامە ئېلان قىلىپ سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن ئىدى. 1943 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىڭ شىسەيىنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا يىغىن چاقىرىپ تەھلىل ئېلىپ باردى. يىغىندا شىڭ شىسەيىنىڭ يۈز ئۆرۈشكە قارىتا قايتارما زەربە بېرىپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قارارلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالاقىدار كەسىپلەر بويىچە يەرلىك مىللىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بېرىش، يەرلىكتە مىللىي ئازادلىق تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش قاتارلىق قارارلارمۇ بېرىلدى[73]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكسادىر پانيۇشكىن (Aleksandr S. Panyushkin، 1905 - 1974) 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خىتاي تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا قىسقا بايانات يوللاپ، شىڭ شىسەيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ تامامەن قانۇنسىز ۋە ئۆچمەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، 1940 - يىلى 12 - ئايدا شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەخپىي تۈزۈشكەن كېلىشىمنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتى[74]. 1943 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىلى ۋۇزېشىياڭ (1897 - ؟)نىڭ تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ يەردە يېتىشتۈرگەن جاسۇسىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ۋە تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تېلېگراممىدا «ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تامامەن مەزكۇر ئۆلكە دائىرىلىرىنى ھاقارەتلەش، ھەرقايسى مىللەتلەرنى خىتايلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشقا قۇترىتىش ۋە بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن قارشىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن ئىدى[75]. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋۇزېشىياڭ يەنە بىر قېتىم تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا مەخپىي تېلېگرامما يوللاپ شۇلارنى بايان قىلىدۇ: «مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئۆتكەن يىلى شىڭ شىسەي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭدا» تۇرۇشلۇق ئادەملىرىنىڭ مەزكۇر ئۆلكىگە بولغان نارازىلىقى تولىمۇ ئېغىر، ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئۆلكە سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقانلىق دەپ قاراۋاتىدۇ، بۇ ۋەجىدىن دائىم يوشۇرۇن تەنقىدلەر بولۇۋاتىدۇ... سوۋېت تەرەپنىڭ مەزكۇر ئۆلكىدە سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقى مەلۇم». ۋۇزېشىياڭ چۇڭچىڭدىن قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە يوليورۇق سورايدۇ[76]. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇ يەنە تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا مەخپىي تېلېگرامما يوللاپ، قەشقەر، تاشقورغان، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق

جايلاردا سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ خەلقنى كۈشكۈرتۈش پائالىيەتلىرى بايقالغانلىقنى مەلۇم قىلىپ: «سوۋېت تەرەپنىڭ كۆپ ساندا جاسۇس ئەۋەتىپ، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى مەلۇم» دەپ خەۋەر يوللىدى[77]. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭزىۋېن (1894 - 1971) قارشىلىقلارنى يۇمشىتىش مەقسىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى مەخپىي ھالدا جياڭ جيېشى (1887 - 1975)غا يوللىدى. جياڭ جيېشى «ھازىر سوۋېت تەرەپنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى، مايتاغ نېفىت كېنىدىكى خىزمەتچىلىرى، ئۇسكۈنىلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى 8 - پولكىنى چېكىندۇرۇپ چىقىۋاتقان بىر پەيتى، بۇنداق ۋاقىتتا بۇ دىلولارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلساق، سوۋېت تەرەپنىڭ باھانە كۆرسىتىپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشى، ھەتتا ئەكسىچە سوۋېت - خىتاي ئىككى تەرەپنىڭ سۈركىلىشى كۆچىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار» دەپ قارايتتى[78]. شۇڭلاشقا، ئۇ ئېتىراز بىلدۈرۈشنى كەينىگە سۈرۈپ، كېيىنچە قايتا مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى[79]. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندا ئاكتىپ ھالدا تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتىپ، سىياسىي پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە[80]، 10 - ئايدا سوۋېت تەرەپ چېگرادىكى ھەربىي كۈچىنى ئاشۇردى ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ سوۋېت تەۋەلىكىدە ئوق چىقىرىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى[81]. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋۇزېشياڭ چۈگۈچەكتىكى «يېقىندىن بۇيان غۇلجا شەھىرىدە پۇقراچە كىيىنگەن سوۋېت ئادەملىرىنىڭ يانلىرىدا قورال ئېلىشىپ، ئۈچ - تۆتتىن توپ - توپ بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى بايقالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق خەلقىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش غەرىزىنىڭ بارلىقمۇ بىلىنمەكتە»[82] دەپ دوكلات يوللىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋۇزېشياڭنىڭ 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى دوكلاتىدا سوۋېت تەرەپنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى «بىرىنچىدىن، چېگرادىن ھالقىپ ئادەم ۋە مال - چارۋا بۇلاش؛ ئىككىنچىدىن، چېگرا رايونلاردا ئۆزئالدىغا ئوق چىقىرىش؛ ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ئايروپىلانلىرى چېگرا ھالقىپ رازۋېدكا ئېلىپ بېرىش؛ تۆتىنچىدىن، چېگرادىكى ھەربىي مۇداپىيەسىنى كۈچەيتىش؛» دەپ يازغان. سوۋېت تەرەپنىڭ «شىنجاڭدىكى» جاسۇسلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بولسا: «بىرىنچىدىن، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقىتىش؛ ئىككىنچىدىن، پۇرسەت تۇغدۇرۇپ خىتاي پۇقرالىرىنى ئېزىقتۇرۇش؛ ئۈچۈنچىدىن، كونسۇلخانا خادىملىرى ئاكتىپ ھالدا سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلىش؛ تۆتىنچىدىن، ھەرمىللەت خەلقىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش؛ بەشىنچىدىن، خىتاي پۇقرالىرىنى ئېزىقتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچۇرۇش؛» دەپ يازدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت تەرەپمۇ دائىم «شىنجاڭ» ساقچى دائىرىلىرىنىڭ سوۋېت پۇقرالىرىغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. ۋۇزېشياڭ ئانالىزىدا، سوۋېت تەرەپنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى «كېيىنچە چېگرا رايونلاردا ياكى ئۆلكە ئىچىدە تېخىمۇ چوڭ ماجرا قوزغىغاندا، ئالدىن پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ بايان قىلدى[83].

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جىياڭ جىيېشى غەربىي شىمال ئارمىيە باشلىقى جۇشاۋلىياڭنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. دوكلاتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى قىرغىز ھەربىي پولكىنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلاۋاتقانلىقى[84] يېزىلغان ئىدى. ئەمما گومىنداڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بۇ ئۇچۇردىن گۇمانلىنىپ، «بۇنداق مەلۇماتلار ئەرزىمەس ئادەملەردىن كەلگەن، كۆپىنچىسى پەقەتلا قىياستىن ئىبارەت» ۋە ياكى «خەلقئارانىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنداق پەيتتە شىنجاڭدا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمايدۇ»[85] دەپ قارايتتى. تاشقىي ئىشلار مىنىستىرى سۇڭزىۋېن يۇقىرىدىكى قاراشلارغا قوشۇلسىمۇ، ئەمما شۇلارنى ئىپادە قىلدى: «پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، سوۋېت تەرەپ ھېچ كۆڭۈل ئارامى تاپمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ھالدا قىرغىزلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئوغرىلىقچە چېگرادىن كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى قىرغىزلار سىياقىدا يەرلىكتىكى جېنىدىن تويغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ قارشىلىق قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قىيىن»[86]. 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ختاي تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقى تاشكەنتتىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىن سوۋېت گراژدانلىقىغا ئۆتكەن «شىنجاڭلىق» سابىق غۇلجا ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى كرىپنىك (kripnik) ۋە غۇلجا يەرلەشكەنلەر پولكىنىڭ (归化团) سابىق باشلىقى ئىۋان پولونوۋ (polinov, Ivan. Polinov) قاتارلىقلارنىڭ ئالمۇتا ۋە تاشكەنتتە «ئالتاي، تارباغاتاي ئاللىبۇرۇن قولغا چۈشۈرۈلدى، كېلەر يىلى غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ، قوراللىق قىسىممۇ چېگرادىن كىردى.» دەپ «ئېغۋا تارقىتىپ» يۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئالدى[87]. بۇ ئىككى ئادەم، بولۇپمۇ پولونوۋ 1944 - يىلى 11 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، كرىپنىك بولسا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مالىيە مىنىستىرى بولغان ئىدى[88]. ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. 1944 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەلۇماتلاردا سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۆتكەن يىلى ‹شىنجاڭدىن› چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ھالەتتە پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلماقتا، ‹شىنجاڭدىكى› قازاقلارنى كۈشكۈرتۈپ ئالتاي قوزغىلىڭى چىقىرىش ئېھتىمالى بار. يېقىندىن بۇيان كۆپلىگەن ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ‹شىنجاڭدا› ھەرمىللەت خەلقىنى ختايلارغا ئۆچمەنلىك قىلغۇزۇپ ئۆلتۈرگۈزۈشنى پىلانلىماقتا، ھەتتا ئۇلارغا نۇرغۇن قورال - ياراق تارقاتماقتا» [89]. ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەرنىڭ ئېقىپ يۈرۈشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئىش چىقىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

موسكۋا تەرەپنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىشى 1943 - يىلى 5 - ئايدا باشلانغان ئىدى. ۋاھالەنكى، سوۋېتنىڭ ئۆز چېگراسى ئىچى ۋە يەرلىكتىكى خەلقلەرنى قوراللاندۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى 1944 - يىلىنىڭ دەسلېپىدىن

باشلانغان ئىدى. 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى كونسۇلخانىلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە تەھلىلىي دوكلات تەلەپ قىلدى. سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىگە يوللانغان دوكلاتلار ئىچىدە قەشقەر كونسۇلى شېستېرىكوۋ (Shesterikov) جەنۇبنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى دوكلاتىدا شۇلارنى يازىدۇ: «سىياسىي زىيانكەشلىك، مىللىي زۇلۇم ۋە ‹شىنجاڭنىڭ› سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ھاكىمىيتىنى قۇرۇش ئېڭىنى تەدرىجى كۈچەيتتى. لېكىن، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ئىنتايىن مۇشكۈل. يەرلىك خەلقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش خاھىشى يوق، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا مايىل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ‹شىنجاڭدىكى› ئىنقىلاب دىنىي كۈچلەرنىڭ قوللىشىسىز مۇۋەپپىقىيەت قازىنالىشىمۇ ناھايىتى قىيىن.»[90]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ يوللىغان دوكلاتلىرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى سەرخىل زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى، ھەتتا بۇلارنىڭ بىرقىسمىلىرى سوۋېتتا ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ غول قوشۇنىنى تەشكىل قىلالايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان ئىدى[91]. لېكىن، قەشقەر كونسۇلى شېستېرىكوۋ (Shesterikov) نىڭ قارىشىچە، «جەنۇبىي شىنجاڭدا» خەلقنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قوزغاشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماددىي شارائىت ۋە يەرلىك مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگۈدەك دىنىي زات يوق ئىدى[92]. «شىمالىي شىنجاڭدىكى» كونسۇلخانىنىڭ دوكلاتىدا بولسا، «جەنۇبىي شىنجاڭغا» قارىغاندا «شىمالىي شىنجاڭنىڭ» مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى ئاساسى بار دېيىلگەن ئىدى[93]. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»نى قوزغاش ئىستىراتېگىيىسىنى مۇشۇنداق دوكلاتلارغا تايىنىپ تۈزۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

1944 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ خۇيخې كوۋ دېگەن يېرىدە قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى ئوسمان (Osman Islam, 1899 ـ 1951)نىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە بولغان ھوجۇمىغا ياردەم بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «شىنجاڭدىكى» خاس ۋەكىلى ۋۇزېشياڭ، سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ ئالتايدىكى ختاي قوشۇنلىرىنى بومباردىمان قىلغانلىقى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى پۈشكىن (Georgi M. Pushkin)غا ئېتىراز بىلدۈردى[94]. 3 ـ

ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى تاشقىي موڭغۇلىيەگە 70 كىلومېتىر كېلىدىغان چېڭخۋا بىلەن گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ ئارىسىدا قازاق قوزغىلاڭچىلارنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، لېكىن تاشقىي موڭغۇلىيە قوزغىلاڭچى خەلققە ياردەم قىلدى، قازاقلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى تاشقىي موڭغۇلىيە تەرەپتىن كەلگەن سوۋېت ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ بەلگىسى بار ئايروپىلانلار تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىندى ۋە ئوققا تۇتۇلدى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتاي تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «شىنجاڭدا» تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىلى ۋۇزبىشىياڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى پۇشكىنغا يوللىغان خېتىدە ۋە 13 ـ كۈنى تاشقىي ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋۇگوجېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىي بىلەن كۆرۈشكەندىكى سۆزلىشىشتە، ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ چېگرادىن كىرىپ ھۇجۇم قىلىش ئىشى سۈرۈشتە قىلىندى. بۇنىڭغا قارىتا، سوۋېت تەرەپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىش بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى، موسكۋادىن يوليورۇق سوراپ ئاندىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[95]. 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىن 22 ـ كۈنگىچە ئۇ خىل بەلگىسى بار ئايروپىلانلار بەزىدە رازۋېدكا قىلسا، يەنە بەزىدە گومىنداڭ قىسمىنى بومباردىمان قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى كەينىگە چېكىندۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەرگەن ئىدى. خىتاي تەرەپ بۇنى سوۋېت تەرەپنىڭ سۇيىقەستى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى، يەنى بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يەنئەندىكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە ماسلىشىۋاتقان ئىدى[96]. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بومباردىمان قىلىشىنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى رەسمىي يۇسۇندا شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزۈش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى تامامەن قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلدى[97].

ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكا تەرەپنىڭ كۆزىتىشى ۋە تەھلىلى ئاساسەن خىتاي تەرەپ بىلەن ئوخشاش بولغان ئىدى. مەسىلەن، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كلارېنس ئېدۋارد گائۇس ( Clarence Edward Gauss، 1887, ـ 1960) نىڭ دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى كوردېل خۇل (Cordell Hull، 1871 ـ 1955) غا يوللىغان تېلېگراممىسىدا: «تاشقىي موڭغۇلىيەدىن كەلگەن ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى چۈشەندۈرۈپ، ۋەقە ئۇلغىيىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى ‹شىنجاڭ› قىسىملىرىغا قەستەن ھۇجۇم قىلىدىغان باسقۇچقا يېتىپ باردى، بۇ پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزى خالىماۋاتقان شىڭ شىسەيگە قارشى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئالاھىدە ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن، شىڭ شىسەي تەختتە تۇرىۋەرسە، بۇنداق چېگرا توقۇنۇشلىرىنىڭ يەنە داۋاملىق چىقىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن»دەيدۇ [98]. جياڭ جيېشى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى روزۋېلت (Franklin Delano Roosevelt, 1882 ـ 1945)قا يوللىغان تېلېگراممىسىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىش

ۋەقەسىنى «بۇ ۋەقەنى يەرلىك ۋەقە دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئۇزاق شەرققە قاراتقان سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىشارىتى» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيەنىڭ بەزى ئەپۇ قىلىش كېلىشىملىرىنى ئىمزالاش ئېھتىمالى بار دەپ قارايدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ[99].

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى روزۋېلت جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياپونىيەنىڭ كېلىشىم تۈزۈشى «قارىماققا ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس»[100] دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ خىتاي بۇ قېتىمقى شەرقىي تۈركىستان ئىشىدا ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ قاتتىق ئىنكاس بىلدۈرۈشىگە ئۇچرىدى. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىگە جاۋابەن «گومىنداڭ ئارمىيىسى قازاق خەلقىنى قوغلاپ، تاشقى موڭغۇلىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا 1936 - يىلى3 - ئاينىڭ12 - كۈنى موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن ئىمزالىغان ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى بويىچە موڭغۇلىيەگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇر بولىدى.» دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا جياڭ جيېشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭزىۋېنگە كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈش توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىدۇ[101]. شۇنداق بولسىمۇ، جياڭ جېيشىنىڭ يەنىلا كۆز ئالدىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى يۇمشىتىپ، خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش نىيىتى بولسا كېرەك. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جياڭ جيېشى يېڭى تەيىنلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى فۇبىڭچاڭ (1896 - 1965) نىڭ دوكلاتىغا بەرگەن يوليورۇقىدا«يەنىلا ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ[102].

ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قارىشى ئاستا - ئاستا خىتاي تەرەپ بىلەن بىردەك بولمىدى. ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گائۇس 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرىگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل سمىس (Horace H. Smith, 1905 - 1976) نىڭ قارىشىنى يەتكۈزۈپ مۇنۇلارنى دەيدۇ: «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ مەيلى راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، تاشقى موڭغۇلىيەنى يۇتۇۋېلىش خىيالى بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان، گومىنداڭ ئارمىيەسى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئىنكاسىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە بۇ ۋەقەنى تۇغدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋۇگوجېن بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى چۇڭچىڭ بىلەن ‹شىنجاڭنىڭ› ھەربىي ھەمكارلىقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە بۇ ۋەقەنى چىقاردى. سوۋېت تەرەپ يەنئەندىكى كومپارتىيە بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ‹شىنجاڭ› ۋە نىڭشادىن ئۆتۈپ شەنشى كارىدورىغا كىرىشكە يول ئاچماقچى بولىدى»[103] دەپ ئىزاھلىدى.

ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېررىمەن (William Averell Harriman, 1891 - 1986) 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خۇلغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا:« 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى موسكۋادىكى ھەرقايسى گېزىتلەرنىڭ

سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئۇلانباتۇردىن بەرگەن خەۋەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن يىلى (1943 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ» يەرلىك دائىرىلىرى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسىنى «شىنجاڭنىڭ» جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. نۇرغۇن قازاق ئائىلىلىرى كۆچۈشكە ئۇنىماي، «شىنجاڭ» ئارمىيىسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ تاشقى موڭغۇلىيەگە بېرىپ پاناھلانغان، تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىلىرى بولسا ئۇلارنى مۇساپىر دەپ پاناھلىق بەرگەن. «شىنجاڭنىڭ» شەرقىي شىمالىدىن كەلگەن خىتاي ئارمىيىسى تاشقى موڭغۇلىيەگە قېچىپ كىرىۋالغان قازاقلارنى قوغلاپ، ئۇلارنى ۋە موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى بەزى پۇقرالار ئولتۇراق رايونلىرىنى ھەربىي ئايروپىلانلار بىلەن ئوققا تۇتقان. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. موڭغۇلىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئارمىيىسى يەنە چېگرا رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسى تۇغدۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1936 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆزى بىلەن تۈزگەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى بويىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ»[104] دېيىلگەن ئىدى. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گائۇسنىڭ دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خېرغا يوللىغان تېلېگراممىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۇچۇر ۋە كۆزقاراشلار بار ئىدى[105]. گائۇس 4 - ئاينىڭ4 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسىدا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خېرگە تەكلىپ بېرىپ:

«بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەرقانداق بىر ئۇسۇلدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك.»[106] دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكىنىڭ خىتاي - سوۋېت توقۇنۇشىغا بولغان سىياسىتى ۋە مەيدانى بارغانسېرى روشەنلەشتى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جياڭ جېيشى يەنە روزۋېلتقا تېلېگرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ «شىنجاڭدا» تۇرۇشلۇق قىسمىنى يەنە بىر قېتىم بومباردىمان قىلغانلىقىنى ۋە سوۋېت تەرەپكە بولغان ئېتىرازلىرىنى بىلدۈردى ۋە «بۇ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق شەرققە بولغان سىياسىتىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى بولسا پۈتۈن جەڭ ۋەزىيىتىگە يېتىپ بارىدۇ. بىز بۇنى ئىنتايىن ئېغىر بىر ۋەقە دەپ قارايمىز، ھەمدە قانداق تەدبىر كۆرۈش توغرىسىدا جىددىي تەتقىق قىلىۋاتىمىز[107]» دېدى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، روزۋېلت جياڭ جېيشىنىڭ تېلېگراممىسىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنى توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ، ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا دەۋەت قىلدى. تېلېگراممىدا يەنە «بىزنىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىشىمىزغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلمىش ياكى پوزىتسىيەنىڭ ھېچ بىرى مۇۋاپىق ئەمەس، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىقنى سەممىيەت ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئاساسىدا تامامەن تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن»[108] دېگەنلەرنى تەكىتلىدى. ئۇ جياڭ جېيشىدىن «ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان سىياسى پوزىتسىيەدە بولۇپ... يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە توڭلىتىپ قويۇشنى» تەلەپ قىلدۇ[109]. شۇنىسى روشەنكى، روزۋېلت جياڭ جېيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان

ئەنسىرەشلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ ئورنىغا، قانداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيەگە قارشى جەڭگە قاتناشتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ، ئالتاي چېگرا توقۇنۇشى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ شىكايەتلىرىگە بولغان ئىنكاسلىرىدىن، ئۇنىڭ خىتاينىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش مەقسىتى يوق بولۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئىزچىل ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە دەۋەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز[110]. ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خېرغا يوللىغان دوكلاتىدىمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خىتاي ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جىددىيچىلىككە چېتىلىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى[111]. ئاقىۋەتتە، سوۋېت تەرەپ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، يەرلىك ئاممىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا قۇتراتقاندىن بۇيانقى دەسلەپكى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولدى.

4 ـ ئاينىڭ28 ـ كۈنى، شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان دوكلاتىدا: «سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى ۋە سوۋېت ـ موڭغۇلىيە ئارمىيىسى ‹شىنجاڭغا› تاجاۋۇز قىلدى» دەپ كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئاپتوماتىك ئوت ئېچىش قوراللىرىنى ئىشلەتكەنلەر ۋە قازاق توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەگە چېتىشلىق ئادەملەر»[112] دېيىلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي «شىنجاڭنىڭ» ئۆزىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەشكىللىگەن پارتىزانلار ئەترىتى ۋە كومپارتىيەنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بايقالغانلىقىنى ۋە ئالدىبۇرۇن پاش قىلىنغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئىچكى جەھەتتە ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتا قاتتىق تازىلاش ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ پارتىزانلارنى، مەخپىي تەشكىلاتلارنى ۋە كومپارتىيەنىڭ مەخپىي ئورگانلىرىنى تازىلاشنى كۈچەيتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرقايسى مەرتىۋىلىك دىنىي زات، ئاخۇن ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى قاتتىق تىزگىنلەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاجرىلتىپ، ھەرقايسى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ (宗族) دۆلەت ۋە مىللەت قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش»[113]. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندا ھەربىي پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە شېڭ شىسەيگە قارشى يەرلىك خەلقنى كۈشكۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 4 ـ ئاي ئىچىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ھالدا 13 ئادەمنى شەرقىي تۈركىستانغا يولغا سالغان بولۇپ، «ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى پەقەتلا سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىش»[114] ئىدى. خىتاينىڭ ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان مەخپىي دوكلاتىدا: «سوۋېت تەرەپ يېقىندا، كۆپلىگەن رۇسلارنى ۋە ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيە كۆرگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى يوشۇرۇن ھالدا مەزكۇر ئۆلكىگە ئەۋەتىپ پائالىيەت قىلماقچى»[115] دېيىلگەن ئىدى ۋە ئاخبارات بىلەن بىرگە سوۋېت

ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتمەكچى بولغان 23 كىشىنىڭ تىزىملىكىنىمۇ قوشۇپ يوللىدى[116].

ئەينى چاغدا، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىشلىرىغا قايتىدىن ئارىلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيەدە بولغان ئىدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيمۇ تەشۋىشكە چۈشتى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە تېلېگراممىا يوللاپ: «ئالدىنقى سەپتىكىلەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇداپىئە قىلىش، ئارقا سەپتىكىلەر بولسا ئاكتىپ ھالدا ياردەم قىلىش[117] پرىنسىپى بويىچە، ھەرقانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەركەز رىياسەتچىلىك قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش[118]»نى تەلەپ قىلدى. 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جۇشىياۋلياڭغا ئاكتىپ ھالدا ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كۆرسەتمىسى بەردى[119]. گومىنداڭ ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىكى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئەلپازىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەپ، ۋەزىيەتنى يۇمشىتىپ، ئىككى تەرەپنى توقۇنۇشتىن ساقلاپ قېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، خىتاي تەرەپ ئاندىن سوۋېت ئايروپىلانلىرى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىش كىرىزىسىنى تۈگىلىتىپ قويۇشقا قۇشۇلغان بولدى[120] ۋە بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جياڭ جيېشى گومىنداڭ مەركىزى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شىجيې (1891 - 1969) قاتارلىق سىياسىي ئەربابلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا سىياسىي ئىشلار مىنىستىرى جاڭچىجۇڭ (1890 - 1969) بىر نەچچە قېتىم سۆز قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا سەۋر - تاقەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ۋاڭ شىجيې بولسا، سەۋر - تاقەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاكتىپ ھالدا ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئەگەر خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتى ياخشىلىنالمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ»[121] دېدى. «ۋاڭ شىجيېنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، جياڭ جيېشى يۇقىرىدىكى پىكىرلەرگە قوشۇلغان بولۇپ، ئالاقىدار لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەسكەرتكەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەقەلەرگە قارىتا سەۋر - تاقەت قىلىشقا يوليورۇق بەرگەن[122]. لېكىن، دەل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى ئويلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە قوزغىغان بىر قېتىملىق ئىسيان مەغلۇپ بولدى[123]. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋاڭ شىجيې 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىددىي مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش توغرىسىدا بىر تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ ئۈچ باسقۇچ بولۇپ، ئالدى بىلەن «شىنجاڭ» دائىرىلىرىگە ھەرقانداق چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈش، ئاندىن

5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىدىن كېيىن، شېڭ شىسەينى «شىنجاڭدىن» يۆتكەپ كېتىش، ئاخىرىدا، خىتاي ـ سوۋېت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جياڭ جيېشى خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىددىي ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ پىلاننى تەستىقلىدى[124]. ۋاڭ شىجيې جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھېچقانداق غەرىزى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ «بۇرۇنقىغا قارىغاندا سوغۇقلىشىپ كېتىشى»[125] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە بولغان بىتەرەپلىملىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرمەي، خىتايدىكى جامائەت پىكرى ئارىسىدا مەلۇم «ئۇقۇشماسلىق» پەيدا قىلىپ قويغانلىقىدىن بولغان دەپ كۆرسەتتى. ۋاڭ شىجيې ئالېكساندىر پانيۇشكىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «شىنجاڭ مەسىلىسى» ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ: «ئۇ يەردىكى ئەھۋال بىر ئاز ئالاھىدە، چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ قولىدا يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بىر ئارمىيە مەۋجۇت، ‹شىنجاڭ› مەسىلىسىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۇۋاپىق ھەل بولۇشى ناھايىتى تەس» دېدى. ئالېكساندىر پانيۇشكىن شېڭ شىسەينىڭ ھامان يۆتكەپ كېتىلىدىغانلىقىدىن رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى[126]. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سوۋېت ئايروپىلانلىرى يەنە ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا كىردى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا «سوۋېت ـ تاشقى موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ چېگرادىن ھالقىپ باندىتلارغا ياردەم بەرگەنلىكى ۋە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ ‹شىنجاڭ›غا تاجاۋۇز قىلىشىغا نىسبەتەن ھازىرچە سەۋر ـ تاقەتتە بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىسپات توپلىنىشى لازىم، ھەمدە ئاكتىپ ھالدا باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈش ئۇيغۇندۇر» دەپ قارايتتى[127]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم جياڭ جيېشىنى شېڭ شىسەينىڭ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋەدىسىنى ئورۇنداشقا قىستىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە بىر ئاز ياخشىلىنىش شەكىللەنگەندەك بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى فۇبىڭچاڭنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جياڭ جيېشىغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئۆزىنىڭ موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئالېكساندىر پانيۇشكىن بىلەن خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ. ئالېكساندىر پانيۇشكىننىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزەلدىن خىتايغا دوستانە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيتىلىشى كېرەك ئىدى. پانيۇشكىن يەنە، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[128].

خىتاي ـ سوۋېت ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەت خىتاي ـ ئامېرىكا ئارىسىدىكى ھەربىي ھەمكارلىقىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن ئىدى. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق 14 ـ ھاۋا ئارمىيە ئەترىتىگە تولۇقلىما ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ

ختايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋىللىيام خاررىمەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىكالىۋېلوۋچ مولوتوۋ (Vyacheslav Mikhailovich Molotov, 1890 ـ 1986) دىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا ئەۋەتمەكچى بولغان بىر يۈك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئۈزىنىڭ تۈركىستان رايونىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، سوۋېت تەرەپنىڭ ئۇچۇق بىر جاۋابىغا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدى ۋە بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبىنىڭ بىرىنى دەل ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان قىلمىشلىرىنىڭ ئىزچىل ناچار بولۇپ كەلگەنلىكى دەپ قارىدى[129]. بۇ خىل قاراش تاكى 1944 ـ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا يۈك ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق ختايغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ، كەڭ كۆلەملىك قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئىش يەنىلا ئىشقا ئاشمىدى[130]. ۋاشىنگتون چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنى ئۆزگىرىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى خېر ختايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى گائۇسقا يوليورۇق بېرىپ، ختاي ئەمەلدارلىرىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ: «ختاينىڭ ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقاتلىرى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش تەشەببۇسىغا تولىمۇ زىت[131]، شۇنىڭ ئۈچۈن ختاي تەرەپ مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىشى كېرەك». شۇنىڭ بىلەن بىرگە ختاي تەرەپكە ئامېرىكىنىڭ ختاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك كۆزقاراشلىرى بارلىقىنى يەتكۈزۈشنى تاپىلايدۇ: « (1) ‹شىنجاڭ› ۋە مانجۇرىيە ختاينىڭ بىر قىسمى، بۇ مەسىلىگە قارىتا ھەر زامان مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز كېرەك. (2) ئەڭ ياخشىسى تاشقىي موڭغۇلىيەنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتەك ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ختاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى ئىگەللىۋېلىشقا ئۇرۇنسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. (3) ئامېرىكا ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ ختايدىكى ئاساسلىق ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئامېرىكا ختايدىكى ئىككى قارشى گورۇھ ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيەلىك كۆرەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. (4) ئامېرىكا ختاي ـ سوۋېت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.»[132] بۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ھېنرى ۋاللېس (Henry A. Wallace, 1888 ـ 1965) ختاي ـ سوۋېت ئارىسىدىكى چېگرا توقۇنۇشىنى مۇرەسسە قىلىش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتى بىلەن ختايغا زىيارەتكە كەلدى[133]. ۋاڭ شىجيې جياڭ جيېشىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەخسۇس ئۈرۈمچىگە كىلىپ ھېنرى ۋاللىسنى قارشى ئالدى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ھېنرىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۆز ـ ھەرىكەتتە بولماسلىقىنى تاپىلىدى[134]. «ۋاڭ شىجيېنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»دىكى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈندىن 23 ـ كۈنگىچە

بولغان مەزمۇنلىرىغا قارىغاندا، ھېنرى ئامېرىكا پرېزدېنتى روزۋېلتنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسلىسىنىڭ خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدىنپەي ياخشىلىنىشى ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر خىتاي كومپارتىيىسى ھەققەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىۋالغان بولسا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېزدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سەممىي سۆزلىشىشى كېرەكلىكىنى ئىپادە قىلدى. جياڭ جيېشى ئامېرىكىدىن ئۆزىگە ئىچى ۋە سىرتتىن ياردەم بېرىشىنى سورىدى[135]. جياڭ جيېشى بىلەن ھېنرىنىڭ كۆرۈشۈشىدىن كېيىن، خىتاي - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتى مەسلىسىدە رەسمىي بىردەك پىكىر ھاسىل قىلغان بولدى. سۆھبەتتىن كېيىنكى ئورتاق تونۇشتا مۇنۇلار دېيىلگەن ئىدى: «خىتاي ۋە ئەڭ يېقىن چېگرىداش ئۇلۇغ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى چوقۇم ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز - ئارا چۈشىنىشى ئاساسىدا بولۇشى كېرەك؛ ئەلۋەتتە خىتاي بىلەن باشقا قوشنا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇنداق. ھەرقانداق تەڭپۇڭ ھالەت تىنچلىقنى بۇزسا بولمايدۇ[136]. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي - سوۋېت ئىككى دۆلەت توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرقانداق بىر مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ قىلىنماسلىقى كېرەك[137]، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا مۇرەسسە ئېلىپ بېرىشنى تولىمۇ خالايدۇ[138]». 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھېنرى چۇڭچىڭدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭ ئارقىلىق روزۋېلتقا تېلېگرامما يوللاپ، ئەگەر خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغان ھەرقانداق بىر چارە بولسا، خىتاي تەرەپنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئامېرىكىغا ۋەدە بەردى[139]. ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ شىجيې ئۆز كۆڭلىدە سوۋېتقا قارىتا «شىنجاڭ» سىياسىتىنى بېكىتىپ بولغان بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ» سىياسىي ۋە كادىرلار ئىشلىرىنى تەڭشەپ، خىتاي - سوۋېت يېقىنلىق جامائەت پىكرى ھاسىل قىلماقچى بولغان ئىدى[140].

لېكىن، سوۋېت مۇتەخەسسلىرى ھېنرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىش مۇددىئاسىدىن گۇمان قىلىشىپ، «1944 - يىلىدىكى ھېنرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ھەرگىزمۇ تاساددىپيلىق ئەمەس، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستانغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلىدۇ، چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېتقا قارشى تۇرىدىغان بىر بازا قىلماقچى» دەپ قاراشقان ئىدى[141]. بۇ خىل كۆزقاراش سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ ياكى قىلالمامدۇ بىلىش تولىمۇ قىيىن، ئەمما يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايدىن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قېلىپ قالغان مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھېسابىغا تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوق - دورا، قورال - ياراغلارنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە قىستىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ بولسا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتى تامامەن ناچارلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ»[142] دەپ بايانات بەردى. بۇخىل يۈزلىنىشكە قارىتا، ئامېرىكا ئىزچىل تۈردە سوۋېت - خىتاي ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشتى، ۋاھالەنكى، ئامېرىكا پۈتۈن كۈچى بىلەن چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىنى

سوۋېت تەرەپنىڭ رايىغا بېقىشقا كۆندۈرۈشكە تىرىشتى. 1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ شىجيې جياڭ جيېشىغا خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە: «سوۋېت تەرەپكە ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن، بىز ئىككى ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئاساسىدا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ بىرى «شىنجاڭنىڭ» سىياسىي ئەھۋالى ۋە كادىرلار ئىشلىرىنى تەڭشەش. ئەگەر بۇنداق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلمىسا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ خۇدۈكىنى يوقىتىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، ھەتتا يېڭى ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، باشقا تىرىشچانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن خىتاي - سوۋېت يېقىنچىلىق پىكىرىنى قوزغاش. بۇ قاتلامدىكى ئىشلارنى جانابلىرى ئۈچ - تۆت ئادەمنى تەيىنلەپ، بۇلارنىڭ باشچىلىقىدا يوشۇرۇن ھالدا سىستېمىلىق ھەم مۇۋاپىق دائىرە ئىچىدىكى جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ»[143] دەپ پىكىر بىرىدۇ. 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى روزۋېلت يەنە بىر قېتىم ئۆز قولى بىلەن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ: «ئامېرىكا ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرىگە تايانغان ئاساستا، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتاي كومپارتىيىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى خالايدۇ»[144] دېگەنلەرنى بىلدۈردى. شۇڭلاشقا، خىتاي بىر تەرەپتىن موسكۋاغا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا يۇقىرى قاتلام يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى مۇراجىئەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن روزۋېلتتىن«ئامال قىلىپ خىتاي - سوۋېت ۋەكىللىرى يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش»نى ئۆتۈندى[145].

دەل خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تەمشىلىۋاتقان، ئامېرىكىمۇ ياردەم بېرىشنى خالاپ تۇرغان بىر مەزگىلدە، 1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەرلىك قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ جىمىنەي ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى[146] ھەمدە قوراللىق قوزغىلاڭچىلار تەڭ كېلەلمەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جىمىنەي ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى ئۇدا بىر نەچچە كۈن يۈز بەردى، ھەتتا سوۋېت ئەسكەرلىرىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ياردەم قىلدى. 15 - ، 16 - كۈنلىرىدىكى جەڭ ئەڭ كەسكىن بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۇدا ئون نەچچە سائەت ئېلىشىدۇ، خىتاي تەرەپتىن تۆت ئادەم ئۆلۈپ بەش ئادەم يارىلاندى، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا قىسىم ئەسكىرىدىن ئۈچى يارىلاندى[147]. چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى نەچچە كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىن، ئاخىرى 8 - ئاينىڭ21 - كۈنى ئېتىراز بىلدۈرۈش قارارى ئالدى[148]. خىتاي - تاشقى موڭغۇلىيە توقۇنۇشى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنىڭ قوزغىلىڭىغا قارىتا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى: «ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بار، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ» دەپ قاراپ، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل چارە ئارقىلىق ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشتى: 1. قازاق مىللىتىگە بولغان پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلاش؛ 2. خىتاي - سوۋېت دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش؛ 3. مەركەز ۋە چېگرا رايونلاردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئالاقىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش[149]. لېكىن بۇ خىل چارىلەر ئانچە ئەمەلىيلىشىپ كېتەلمىدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتى چاغانتوقاي ناھىيەسى

چاغانىبوردىكى يەرلىك 16ئائىلە، جەمئىي 60 ئادەم، ئات - كالىلىرى بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. «شىنجاڭ» چېگرا مۇداپىئە قىسمىدىن لى دۇڭفۇ بەنجاڭ ۋە لى جىيگشەن بەنجاڭلار سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى، ئۇلاردىن لى دۇڭفۇ بەنجاڭ ئۆلتۈرۈلدى[150]. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «شىنجاڭدا» تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىلى ۋۇزىشىياڭ (1897 - ؟) كۆپ قېتىم سوۋېت تەرەپكە ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى[151]. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتى قابا ناھىيىسىدىكى سەككىزمىڭدەك چارۋىچى خەلق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى[152]. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، يېنىك تىپتىكى پىلىموتلار بىلەن قوراللىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ كىشى، سۈيدىڭ (ھازىر قورغاس ناھىيەسىگە تەۋە) ئۈچچاسىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى[153]. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى فۇبىڭچاڭ (1896 - 1965) بۇيرۇقىغا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ كەلگەن چارۋىچى خەلقنى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. فۇبىڭچاڭنىڭ ئېرىشكەن جاۋابى بولسا «خىتايدىن كەلگەن چارۋىچىلار، ئۆزلىرىنىڭ ‹شىنجاڭ› دائىرلىرى تەرىپىدىن دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشماقتا، ئۇلار ئاللىبۇرۇن قازاقىستان تەرەپنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشتى»[154]. ئۇنىڭدىن كېيىن، خاس ۋەكىل ۋۇزىشىياڭ خىتاي چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى[155]. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قازاقلاردىن تەشكىل تاپقان 400دىن ئارتۇق قوراللىق كىشى غۇلجىغا كىردى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلدى[156]. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقى«قىرغىز ۋە سوۋېت ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان تەخمىنەن 500 كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ يەكەن ۋىلايىتىنىڭ سۇبېشى ۋە بولۇڭكۆل دېگەن جايلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ رايونلارنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 28 كىشى يېڭىساردىن يۆرۈش قىلىپ، يەكەنگە تۇتىشىدىغان قاتناش يولىنى كەسمەكچى ئىكەنلىكى، ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان، ئوق چاچار مىلتىق، يېنىك پىلىموت ۋە قول بومبىلىرى تولۇق بولۇپ، چوقۇم سوۋېت قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەشقلەندۈرۈلگەن» دېگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالدى[157]. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋۇزىشىياڭغا مەخپىي تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «باندىتلارغا ياردەم بەرگەنلىك ئىسپاتى»نى[158] توپلاشقا بۇيرىدى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سىياسىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى خې يىڭچىن (1890 - 1987) سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 2000دەك ئەسكىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، بەزى مىش - مىش پاراڭلاردا ھەتتا «بۇ ئىسيانچى قوشۇننىڭ«قازاق باندىتلار» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىمالدا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغانلىقى، غۇلجىنى ئېلىش قەستىنىڭ بارلىقى، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقئارالىق

سۇيىقەستنىڭ يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىكەنلىكى»[159] دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ 10 - ئاي مەزگىلىدە، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا «بىز نېمىشقا كۆرەش قىلىمىز؟» دېگەندەك تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بايقالدى. خاس ۋەكىل ۋۇزېشياڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا بۇ خىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقىتىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى، ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان مەخپىي دوكلاتىدا: «بۇ خىلدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئاساسلىقى ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش ئارقىلىق خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزماقچى بولۇشقان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئەركىن - ئازادە ۋە بەختلىك ئىكەنلىكىنى تەرىپلەشكەن، ئېغىزىدا مىللىي ئازادلىق دەپ ئەمىلىيەتتە خەلقنى قوزغىلاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، مەزكۇر ئۆلكىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان؛ ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قازاق باندىتلارنىڭ قوترىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان بىر پەيتتە، سوۋېت ئارمىيىسى باندىتلارغا ياردەم بېرىشنى يەنە توختاتمايۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن چىققان بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغانلار بۇلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلسا، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئامانلىقىغا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، ئەگەر ئاكتىپ ھالدا چەكلەش ئېلىپ بېرىلمىسا، كېيىنكى يامان ئاقىۋەت ئادەمنى ئەنسىرىتىدۇ»[160] دېگەنلەرنى بايان قىلىدۇ. گەرچە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرگە قارىتا، يەرلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم چارە - تەدبىرلەرنى ئېلىپ بېرىپ، «ئەكسىيەتچىل» تەشۋىقاتلارغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان[161] بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىدا مەيلى ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش جەھەتتىن بولسۇن، بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاش قىلمىشىنى تەكشۈرۈپ، قانداق ئۇسۇلدا ئېتىراز بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى ئىزدىنىۋاتقان پەيتتە، يەنى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى پارتىلىدى ۋە 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى بارلىق ۋەقەلەرگە قارىتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن بولۇپ، پەقەتلا چېگرا توقۇنۇشى ياكى شىڭ شىسەيگە قاراتقان ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى دەپ ھۆكۈم قىلىپ كەلگەن ئىدى، ۋاھالەنكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1943 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ سۇيىقەستىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك ماھىيەتنى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ قارىشىمۇ ئاساسەن چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشىنەتتى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت

ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاي بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئاۋگۇستوس چېيس (Augustus S. Chase) خاتىرىسىدە: «ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سىمسىنىڭ ئانالىزىغا كۆرە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇددىئاسى ئەزەلدىن، ھەتتا ھازىرمۇ ‹شىنجاڭ›نى تامامەن كونترول قىلىش؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان پىلانى (خەلقئارا ۋەزىيەت يول قويغان شارائىتتا) بولسا ‹شىنجاڭ›نىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە باشقا مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان سوۋېت كونتروللۇقىدىكى يېرىم ئاپتونومىيەلىك ئوبلاستلارغا ياكى سوۋېت كونتروللۇقىدىكى گەنسۇ كارىدورىغا قوشۇپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن بولغان ئالاقىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈيىقەستى ‹شىنجاڭ›نىڭ شىمالىدىكى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدىغان بىر جاينى تاشقى موڭغۇلىيەگە قوشۇپ بېرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرچە پۈتۈن دىققىتىنى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىغا قاراتقاچقا ۋە شېڭ شىسەي (1895 - 1970) ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈيىقەستلىرىگە قارشى يوشۇرۇن لىنىيەسىدە چىڭ تۇرغاچقا (ھەتتا ئاتالمىش ھەمكارلىق مەزگىلىدىمۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى سۈيىقەست ۋە تاكتىكا جەھەتتە ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە ئايدىن ئون ئايغىچە، «شىنجاڭنى» بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن دېسەك چوقۇم جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىز كېرەك، ھەتتا خىتاي ۋە ئىتتىپاقداشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭ قىلىشقىمۇ تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك» دېگەنلەرنى يازغان ئىدى[162]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، موسكۋا تەرەپمۇ ۋاشىنگتونغا ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى روزۋېلتىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى دونالد نېلسون (Donald M. Nelson, 1888 - 1959، ئامېرىكا ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى) ۋە ئەلچى پاترىك ھۇرلېي (Hurley, 1883 - 1963 Patrick Jay) جياڭ جېيشىغا موسكۋادىكى خىتايغا بولغان ئاتموسفېرانىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. مولوتوۋ ئامېرىكىلىقلارغا: «سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلۈك ھەم بىرلىككە كەلگەن خىتاينى كۆرۈشنى خالايدۇ، خىتاي كومپارتىيىسى ھەقىقىي كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئۇلارنى قوللاش نىيىتى يوق» دېگەنلەرنى بىلدۈردى[163]. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارادا ئۆزگە پايدىلىق سىياسىي مۇھىت يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى.

## (2) شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشى

شېڭ شىسەي (1895 - 1970) ھاكىمىيەتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيىتىنى ئۆلغايتىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سوۋېت - شەرقىي تۈركىستان مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ

ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەر تۈرلۈك ماددىي ئەشيالار ئىنتايىن قىسلىشىپ، پۇل پاخاللىقى يۈز بەردى ۋە خەلق ئازاب - ئوقۇبەتتە قالدى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قوش بېسىمنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر تۈرلۈك زىددىيەتلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى، بېسىمغا چىدىمىغان خەلقمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئارانلا قالغان ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا رايونلىرىدا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاساس ياراتقان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ھېنرى ۋاللېس (Henry A. Wallace , 1888 - 1965) 1944 - يىلى 6 - ئايدىكى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە: «بىزنىڭ جۇڭگوغا بولغان زىيارىتىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتى ‹شىنجاڭ› نىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى ئىدى. ئۆلكىنىڭ رەئىسى شېڭ شىسەي بولسا تىپىك مىلىتارىست ئىكەن. ھۆكۈمەت پەقەتلا بىر شەخسنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ساقچىلارنىڭ مۇتلەق نازارىتى ئاستىدا ئىدارە قىلىنىدىكەن. 90% نوپۇس خىتاي ئەمەس بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۇيغۇر 【تۈرك】لەر ئىكەن. خىتاي بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىۋېتىپتۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش ئىنتايىن قىيىن. شېڭ گېنېرال ئىككى يىل بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىكەن، بۇ خىل ئەھۋال ‹شىنجاڭ› دىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ قىينىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ»[164].

شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە باشقۇرۇشى ۋە پارىخورلۇق قىلمىشلىرى يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىغاندىن[165] سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسىتى ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ ياپونىيەگە قارشى جەڭ قىلىش پىلانىغا تەسىر قىلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ھېنرى ۋاللېس 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۇڭچىڭغا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، جياڭ جيېشىغا خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى ۋە شېڭ شىسەينىڭ خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتىكى چوڭ توسالغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى[166]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى پانيۇشكىن ئىزچىل ھالدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە شېڭ شىسەينىڭ يۆتكىۋېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى، چۈنكى سوۋېت تەرەپ شېڭ شىسەي بىلەن بىللە ئىش قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى[167]. ھەرقايسى تەرەپلەر شېڭ شىسەينىڭ قىلمىشلىرىغا نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلىش مۇقەررەر بىر ئىشقا ئايلانغان ئىدى[168].

شېڭ شىسەي بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاز - تولا سېزىپ قالدى، شۇڭا چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ قايتىدىن موسكۋاغا قايتىدىن يېقىنلىشىشنىمۇ ئۆزىنىڭ بىر سىياسىي تاللىشى قىلىش نىيىتى بار ئىدى[169]. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئانالىزى بويىچە، شېڭ شىسەي گومىنداڭنى يېقىن كەلگۈسىدە يىمىرىلىپ چۈشىدۇ،

ھېچبولمىغاندىمۇ ھازىرچە ئۆزگە چارىسىز قالدى دەپ پەرەز قىلغان بولۇپ، بۇ مەزگىل دەل سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بىر پەيتكە توغرا كەلگەن بولغاچقا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىنىشنى ئاقلانىلىك دەپ ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇپ، كۆڭلىنى ئېپادىلەش ئۈچۈن 1944 - يىلى 4 - ئايدا، شېڭ شىسەي بىر تۈركۈم سوۋېتقا ۋە ياكى كوممۇنىزىمغا قارشى كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى قوبۇل قىلمىسا، شېڭ شىسەي ھەتتا ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنىمۇ ئويلاشقان ئىدى. چۈنكى، 1944 - يىلى7 - ، 8 - ئايلاردىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا گومىنداڭ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، تۇڭگۇەن، گۈيلىن قاتارلىق جايلار قولدىن كەتكەن ئىدى، شۇڭا ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشتىمۇ ئۈمىد يوق ئەمەس ئىدى[170]. شېڭ شىسەي ئەلۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇشۇنداقلا ئاياغلىشىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر تىركىشىپ بېقىشنى ئويلىدى ۋە «11 - ئاۋغۇست خۇاڭلىن ۋەقەسى»نى چىقىرىپ، تىغ ئۇچىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق كۈچلىرىگە قاراتتى[171]. 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېرىم كېچىدە، ساقچى باشقارمىسىنىڭ جاسۇسلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جەددىي يىغىن ئېچىش باھانىسىدا 1943 - يىلى 1 - ئايدىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەركىزى ھۆكۈمەتتىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلگەن بارلىق خادىملارنى بىراقلا قولغا ئالدى، يەرلىك كادىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 300 ئارتۇق كىشىنى تۇتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن «شىنجاڭ»نىڭ مەمۇرىي تەپتىشى لو جىيالۇن (1897 - 1969) ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى» دەپ مەخپىي تېلېگراممىا يوللىدى[172]. جۇڭشىياۋلىياڭنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، 1944 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي توساتتىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى، بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى قولغا ئېلىندى. مەركەز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى كۈچىيىپ، سۇيىقەستلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىشىدىن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنە كونا يولغا قايتىشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى[173]. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شېڭ شىسەي جياڭ جېيشىغا دېلونىڭ تەپسىلاتىنى مەلۇم قىلدى.شۇنىڭ بىلەن تەڭ، شېڭ شىسەي ستالىن (Joseph V. Stalin, 1897 - 1953) غا تۆۋە قىلىپ قايتىدىن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، رەت قىلىشقا ئۇچرىدى[174]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن جۇ شىياۋلىياڭ، شۇ ئېڭتىسىڭ (1896 - 1985، قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىقلارنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ خادىملارنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇزۇڭنەننىڭ قوشۇنىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇمۇلغىچە ئۇچۇپ بېرىپ ئۈرۈمچىگە تەھدىت سېلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شېڭ شىسەي قاتتىق ئىشەنگەن شەرقىي شىماللىق لىيۇجىڭشىن قوشۇنى بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، گومىنداڭنىڭ ئارمىيىسىنىڭ 7 - تەييارلىق دىۋىزىيىسىگە ھۇجۇم قىلماي، مەخپىي تېلېگرامما يوللاپ مەركەزنى بىۋاستە

ھىمايە قىلدى.شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەي تولىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ۋە 12 يىلدىن بېرى مۇستەھكەملىگەن ھۆكۈمرانلىق ئاساسى بىردەمدىلا تەۋرىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى پېچكىسىنىڭ يېقىندا ئۆتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى[175]. شۇڭا گومىنداڭ چوڭ قوشۇنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىش ھارپىسىدا شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ ئاللىبۇرۇن قولدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى[176].

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جياڭ جيېشى دەرھال جۇ شياۋلياڭنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەيگە مەركەزنىڭ مۇددىئاسىنى يەتكۈزدى. يەنى، مەركىزى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شېڭ شىسەينى چۇڭچىڭغا بېرىپ يېزا ـ ئىگىلىك ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇشقا دەۋەت قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «شېڭ شىسەي بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق قىلسۇن، جۇشياۋلياڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى» دېدى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭدا خىزمەتكە چۈشتى. سابىق موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭشىڭ (1884 ـ 1959) تاكى شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى[177]. شۇنىڭدىن باشلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي يوسۇندا شەرقىي تۈركىستانغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى[178]. سوۋېت تەرەپ بۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ‹شىنجاڭ› ئەمەلدارلىرىنى يەڭگۈشلىشىدىن سوۋېت تەرەپ تولىمۇ رازى، ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ‹شىنجاڭ› دائىرىلىرىنى يەڭگۈشلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش بولسا، ئادەمنى ھەقىقەتەن رازى قىلماي تۇرالمايدۇ»[179] دەپ باياتات بەردى. شېڭ شىسەينىڭ مەجبۇرىي ھالدا «شىنجاڭ»دىن يۆتكىۋېتىلىشىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبى بار: (1) شېڭ شىسەينىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى شەرقىي تۈركىستاندا قالايمىقان ۋە ئەنسىز بىر ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەلقنىڭ كۆڭلى تامامەن سوۋۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى يوق بولغان ئىدى، مانا بۇ شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكىۋېتىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى؛ (2) سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق «شىنجاڭ» دائىرىلىرىنىڭ سوۋېتقا قارشى قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، شېڭ شىسەينى يۆتكىۋېتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى، بۇ شېڭ شىسەينىڭ يۆتكىۋېتىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى؛ (3) ئامېرىكىنىڭ، خەلقئارالىق فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلىشىمۇ بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ؛ (4) شېڭ شىسەينىڭ كونا ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭنىڭ «شىنجاڭ»دىكى خادىملىرىنى قولغا ئېلىشى، جياڭ جيېشىنى كەسكىن بىر قارار چىقىرىپ شېڭ شىسەينى يۆتكىۋېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. بۇ شېڭ شىسەينىڭ «شىنجاڭدىن» يۆتكىۋېتىلىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى ئىدى[180].

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى «شىنجاڭغا» ئۆلكە رەئىسى تاللىغاندا، موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجوڭشىڭ بەكرەك يارىغان ئىدى، چۈنكى ۋۇجوڭشىڭ مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىسى ۋە ئىجرائاتچىسى بولۇپلا قالماي، خىتاينىڭ چېگرا رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلىرىنى چاڭگالىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئاۋامنى كونترول قىلىشنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. جياڭ جيېشى بىر تەرەپتىن ۋۇجوڭشىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى باشقۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋىي ئۇسۇللىرىنى قەتئىيلىك بىلەن قوللىنىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىغا قارىتا، قاتتىق بولغان ئىدېئولوگىيە ۋە تەشكىلىي كونترول سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىچكىردە يولغا قويغان بارلىق دىكتاتور تۈزۈملەرنى ئەينەن ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئويلايتتى. مەسىلەن، ھەممە جايغا پۇر كەتكەن «پارتىيىۋى شىنجاڭ» تەشۋىقاتى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى قۇرۇش؛ باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى (保甲制) يولغا قويۇش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى قۇرۇش ۋەھاكازالار[181]. ۋۇجوڭشىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ بىسلىق پالتا» (治新三板斧) ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقۇردى. ۋۇجوڭشىڭنىڭ ئەگەشكۈچى خادىمى زىڭشياۋلۇنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش سەنبەنفۇ، «ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى چاڭگىلىغا چۈشۈرىۋېلىش چارىسىدىن ئىبارەت» بولۇپ، «شىنجاڭدىكى» ھەرمىللەت خەلقىگە ھېچقانداق ئەمەلىي نەپ يەتكۈزمەيتتى. خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش بولسۇن ۋە ياكى ئىناقلاشتۇرۇش بولسۇن ھېچقايسىسى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋەزىيىتىنى يۇمشىتالمايتتى[182]. ۋۇجىڭشىڭنىڭ قارىشىچە «شىنجاڭنى» پارچىلاپ باشقۇرۇش كېرەك ئىدى، «شىنجاڭنى» تۆتكە بۆلۈش پىكرىنى بەرگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتمىگەن ئىدى[183].

جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، ۋۇجوڭشىڭنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەش، «شىنجاڭ» خەلقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى خاتىرجەم قىلالاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ۋۇجىڭشىڭ شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ۋۇجىڭشىڭ باشچىلىقىدىكى ئۆلكە ھۆكۈمىتىنى «سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى گۇرۇھ» دەپ قارايتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلىدىنلا كەسكىن بولغان ئىچكى ـ تاشقىي زىددىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى[184]. ۋۇجوڭشىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توقۇنۇش بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى»دە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى مەركەز ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراممىا خەۋىرىنى بېسىشنىمۇ چەكلىدى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا بولغان قوللىشىنى ھەرقايسى گېزىتلەردە تىلغا ئالمىغاندىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئاغزاكى ئېتىرازمۇ بىلدۈرمىدى[185]. ھالبۇكى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ سوۋېت ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، شەرقىي تۈركىستانغا ياكى گومىنداڭ مەركىزىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

ختاي مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى «شىنجاڭنى» چۈشەنمەيتتى، ئامما كۆپ باش كۆتۈرگەن بولۇپ، ئازغىنە ھوقۇقدارلارنىڭ تامامەن كونترول قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا 1944 - يىلى 11 - ئايدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، شىمالدىكى ھەرمىللەت ئاۋام - پۇقرالار قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا جان پىدالىق بىلەن قاتناشتى. بۇنداق بىر قاتتىق ۋەزىيەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇرۇنقى سىياسەتلىرىنى داۋاملىق يۈرگۈزگەندە پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئامالسىز تۇتقان يولىنى ئۆزگەرتتى، بۇ ئۆزگەرتىش جياڭ جيېشىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «شىنجاڭ»دا سىياسىي ۋە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلىق قىلىش، يەنى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر»گە سىياسىي جەھەتتىن يول قويۇش ئىدى[186]...

**داۋامى كېيىنكى ساندا**

**Endnotes**

1 李嘉谷编，《中苏国家关系史资料汇编》(1933 - 1945)，（北京: 社会科学文献出版社，1997年），页390 - 396。 有学者指出，盛苏相互利用、相互需要的基础上的，即盛世才为击败政治、军事对手，巩固自己在新疆的统治地位，需要取得、利用苏联的援助，苏联为维护其中亚地区的社会稳定、远东安全，并谋求在新疆的权益，也需要利用、扶植盛世才。见谢承国，〈论盛世才政权与苏联同盟关系的基础〉，（《史学月刊》，第4期，1999年），页61 - 65

2 孙福坤编，《苏联掠夺新疆纪实》下册，（香港:九龙自由出版社，1952年），页52 - 59

3 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, Sinkiang: Pawn and Pivot, （East Lansing: Michigan State University Press, 1958）, pp. 66 - 67.

4 朱培民，《新疆革命史》(1933 - 1957)，（乌鲁木齐：新疆人民出版社，1993年），页149

5 蔡锦松，《盛世才在新疆》，（郑州: 河南人民出版社，1998年），页323 - 325。盛世才从反帝联苏到反苏反共之过程，见田保国编着，《民国时期中苏关系》(1917 - 1949)，（济南:济南出版社, 1999年），页166 - 171

6 李帆群, <盛世才投靠国民党的前前后后>，载《新疆文史资料精选》，第2辑，（乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998年），页208

7 卡比察（M. C. К а п и ц а）、赵承先，忻鼎明合译，《1931 - 1945年的中苏关系》，（北京：世界知识出版社，1957年），页106

8 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.255 - 260; John W. Garver, Chinese - Soviet Relations, 1937 - 1945: The Diplomacy of Chinese Nationalism,（ New York: Oxford University Press, 1988）, pp. 165 - 174.

9 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.262; 《苏俄在中国》(台北：台湾文物供应社，1956年)，页103。1945年7月7日斯大林与宋子文谈判时，斯大林称：「该项军队（红八团）系因盛世才之请求而派驻」。见秦孝仪主编,《中华民国重要史料初编 - 对日抗战时期》第三编《战时外交》（二）(以下简称《战时外交》（二）)，台湾：中央文物供应社1981年，页603

10 潘友新（Aleksandr S. Panyushkin），苏联著名外交家、情报专家。1939年9月，潘友新任驻华大使。1945年5月8日，彼德洛夫（Apollon A. Petrov）接替潘友新。潘友新着有回忆录《大使札记，中国1939 - 1944》（Zapiski Posla: Kitay 1939 - 1944，Moscow， 1981），根据大量的第一手材料、原始笔记和个人的亲身经历撰写而成，内容涉及抗日战争时期的中国政治、经济、军事、国共合作、抗日民族战线的建立和实施过程

11 《战时外交》(二), 1981年，页535 - 536

12 United States Department of State, Foreign relations of the United States:diplomatic papers (以下简称

FRUS), 1942. China. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1956, p. 245

13 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.262 - 263.

14 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.263.

15 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.264 - 265.

16 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.265.

17 李嘉谷编，《中苏国家关系史资料汇编》(1933 - 1945)，页425 - 426

18 李嘉谷编，《中苏国家关系史资料汇编》(1933 - 1945)，页426 - 427；李嘉谷，《合作与冲: 1931 - 1945年的中苏关系》，(桂林：广西师范大学出版社，1996年)，页251

19 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p.264 - 265.「红八团」对外称一个团，实际是一支包括步兵、骑兵、炮兵、摩托兵、坦克兵、工程兵、通讯兵、辎重兵等总兵力达3000余人的机械化旅，武器装备除一般步、机枪外，还有坦克、装甲车、大炮、高射炮，甚至还有作战飞机100余架，其战斗力和机动能力比较强。「红八团」进驻哈密以后，不断举行军事演习，活动范围覆盖整个哈密地区

20 盛世骐究竟是自杀还是他杀? 凶手是谁? 至今仍是个谜。有关论述见蔡锦松，《盛世才在新疆》，(郑州: 河南人民出版社，1998年)，页326 - 339

21 蔡锦松，《盛世才在新疆》，页340

22 弗拉基米尔·格奥尔吉耶维奇·迭卡奴作夫（Vladimir Georgievich Dekanozov 或Dekanozishvili，1898 - 1953）在30年代苏联肃反扩大化中起了重要作用，被选为联共（布）中央委员会候补委员。曾为克格勃第一总局（对外情报总局）负责人（1938 - 1940）。1941年11月曾任驻德国公使。1953年与克格勃负责人拉夫连季·巴夫洛维奇·贝利亚（Lavrentiy Pavlovich Beria，1899 - 1953）同时被判处死刑

23 John W. Garver, Chinese - Soviet Relations, 1937 - 1945, p. 166

24 蔡锦松，《盛世才在新疆》，页341 - 342

25 《战时外交》（二），页437；蔡锦松，《盛世才在新疆》，页341 - 342

26 中华民国外交部编印,《苏联对新疆之经济侵略》，（台北: 中华民国外交部，1950年），页58 - 59

27 该上书全文见唐屹、蓝美华、赵竹成编着，《外交部档案丛书·界务类》，第三册《新疆卷》（一）台北: 外交部编印，2001年，页21 - 24；《苏联对新疆之经济侵略》，页54 - 59

28 《战时外交》（二），页436

29 《战时外交》（二），页440 - 444

30 《战时外交》（二），页441 - 443

31 参考《战时外交》（二），页435 - 437；另见John W. Garver, Chinese - Soviet Relations, p. 166. 据《格奥尔基·季米特洛夫日记》（Георги Димиитров ДНЕВНИК，9 маарт 1933 – 6 февруари 1949, София, 1997）记载，「1942年7月15日向毛泽东通报，苏联代表（杰卡诺佐夫）正在新疆处理与盛世才的关系，为此，目前中国共产党人必须留在新疆。」（「来自国外的中共党史最新资料—《季米特洛夫日记》中的中国革命」，《沈志华李丹慧个人网站》，<http://www.shenzhihua.net/zsgx/000077_3.htm>）由此可知，苏联政府对外交部副部长迭卡奴作夫前往新疆解决苏 - 新紧张关系有期望。也可推测，苏联政府至此仍未实施反盛世才政策

32 《战时外交》（二），页444

33 《战时外交》（二），页438 - 440

34 李帆群, <盛世才投靠国民党的前前后后>，载《新疆文史资料精选》，第2辑，页209

35 张大军，《新疆风暴七十年》，（台北: 兰溪出版社，1980年），页4907

36 吴忠信，《主新日记》(1945年10月20日)，见新疆社会科学院历史研究所编着，《新疆简史》第3册，（乌鲁木齐: 新疆人民出版社，1987年），页316

37 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p. 89

38 有关美、英两国在迪化开设领事馆事宜见 袁澍，<20世纪40年代新疆政局风暴与美国领事馆>，《新疆师范大学学报》(哲学社会科学版)，第23卷第1期（2002年1月），页56 - 59。袁澍，<英国驻新疆领事馆始末>，《新疆师范大学学报》(哲学社会科学版)，第22卷第3期（2001年7月），页52 - 58

39 《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二），页379。有关驻新特派员之职权的讨论见《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二），页379 - 387

40 蒋介石，《苏俄在中国》，第101页

41 《战时外交》（二），页445 - 446

42 《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二），页383 - 384

43 《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二）2001年，页384

44 古屋奎二，《蒋总统秘录》第13册，（台北: 中央日报社译印，1977），第64页

45 《战时外交》(二)，页400

46 1943年3月8日赴莫斯科就任驻苏大使傅秉常，3月21日呈蒋介石之有关报告中称，其分别与苏联高官会面，皆表示中苏亲善之意。加里宁主席谓苏 - 中均无领土野心，永宜亲睦。外贸部长米科扬则谓，苏 - 中合作不但在战时需要，即战后亦极需要。傅秉常以为苏方人员态度均颇诚恳，据其个人观察，苏方确有与我国增进友好之意。见《战时外交》(二)，页402

47 《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二）2001年，页384

48 《外交部档案丛书:界务类》，第四册《新疆卷》（二）2001年，页384 - 387

49 李帆群, <盛世才投靠国民党的前前后后>，载《新疆文史资料精选》，第2辑，页215 - 216。甚至国民党政务官员在新疆的做法不失其大民族之高傲：国立编译室专员黎东方，编有《汉维会话》，牵强附会，强调维吾尔语与汉语在很多方面相似，因而推断维、汉语同源于一个语言发展的系统。又在《中央日报》发表论文，称维吾尔族并非突厥族，而与汉族同出一源，因此遭到穆罕默德・伊敏（Muhammed Emin Bughra）的反驳。见李帆群, <盛世才投靠国民党的前前后后>，页220

50 《1931 - 1945年的中苏关系》，页105

51 《战时外交》(二)，页447

52 《战时外交》（二），页448。中苏合办独山子油矿谈判的经过见张叔岩编着，《20世纪上半叶的中国石油工业》，（北京:石油工业出版社，2001年），页104 - 113。中苏合办独山子油矿期间的钻井、采油和炼油情况见同书第172 - 178页。有关农具制造厂（飞机制造厂）独山子油矿交涉详情见蔡锦松，《盛世才在新疆》，页376 - 382。有关红八团和苏联地质考查团、顾问、教官、专家、医生等撤退经过见蔡锦松，《盛世才在新疆》，页383 - 385

53 《战对外交》(二)，页447 - 448

54 《战对外交》(二)，页449

55 秦孝仪编纂，《总统蒋公大事长编初稿》第5卷 (上)，页2021。有关详细资料见李嘉谷编，《中苏国家关系史资料汇编》 (1933 - 1945)，页431 - 435

56 吴东之主编，《中国外交史 - 中华民国时期1911 - 1949年》，（郑州:河南人民出版社，1998 年），页598

57 《战时外交》(二)，页450

58 《战时外交》(二)，页450

59 蒋介石，《苏俄在中国》，页102 - 103

60 张大军，《新疆风暴七十年》，页5110 - 5111。有学者认为，斯大林起初没有考虑撤军，但是1943年4月，鉴于国民党中央政府任命的各部官员已到新疆任职，为了避免和蒋介石发生直接冲突，斯大林答应撤退驻新疆的苏军及顾问。6月，国民党中央军进驻哈密。斯大林知道新疆的局势已不可挽回，于是下令撤军。盛世才与苏联的关系，就此彻底终结。见宋凤英, <多变军阀盛世才的诡秘人生>，《军事史林》第8期（2005年）页48

61 张勉励，<苏军红八团进驻新疆哈密述论>，《西域研究》，第1期（1996年），页18。据美国外交部资料，红军第八团于1943年10月1日至11月4日方才撤离出境。见FRUS, 1943. China，1962，p. 351，363，363，379 - 380

62 Allen S. Whiting and Sheng Shih - ts’ai, p. 245 - 246

63 罗志刚，《中苏外交关系研究：1931 - 1945》，页237 - 238

64 陆文培，<试论《苏日中立条约》对中国抗战的影响>，《社会科学战线》，第1期（1994年），页171 - 176；马丁、宋培基，<《苏日中立条约》对中国抗日战争的影响>，《绍兴师专学报》，第3期（1994年），页49 - 54，73；李嘉谷，<论《苏日中立条约》的签订及其对中国抗战的实际影响>,《抗日战争研究》，第1期（1998年），页54 - 73；李嘉谷，<《苏日中立条约》签订的国际背景及其对中苏关系的影响〉，《世界历史》，2002年第4期，页79 - 88；赵文亮、许国林，<《苏日中立条约》与中国>，《河南师范大学学报》(哲学社会科学版)，第27卷第5期（2000年），页19 - 22；王惠宇，<《苏日中立条约》与东北抗日联军的「战略转移」>，《河北学刊》，第26卷第6期（2006年11月），页226 - 228；黄鸿飞，<试论苏联签订《苏日中立条约》的得失>，《泉州师范学院学报》(社会科学)，第24卷第5期（2006年9月），页

111 - 115

65 罗志刚，<苏德战争与日苏关系>，《武汉科技大学学报》(社会科学版)，第2卷第1期（2000年3月），页43 - 47

66 袁澍，<20世纪40年代新疆政局风暴与美国领事馆>，页56

67 袁澍，<英国驻新疆领事馆始末>，页55

68 《1931 - 1945年的中苏关系》，页105

69 FRUS, 1942, China, 1956, p. 242

70 Allen S. Whiting & Sheng Shih - ts’ai, Sinkiang: Pawn and Pivot（East Lansing: Michigan State University Press, 1958）, pp. 243 - 254；John W. Garver, Chinese - Soviet Relations, 1937 - 1945: The Diplomacy of Chinese Nationalism（New York: Oxford University Press, 1988）, pp. 165 - 174

71 羅志剛，《中蘇外交關係研究（1931 - 1945）》（武漢：武漢大學出版社，1999年），頁

239

72 歐陽雲梓，〈1942 - 1943年國民政府的新疆戰略述評〉，《中州學刊》，總期129 (2002年5月)，頁94

73 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949（1941 - 1949年間蘇中關係中的新疆）, гг. Монография. Барнаул: Изд - во БГПУ, 1999, стр. 71 - 72, 75. 據俄羅斯聯邦國家檔案館，「貝利亞專檔」（ГАРФ. Ф. Р - 9401. Оп. 2. Д. 149. Л. 167 - 176）之資料，1946年8月6日蘇共部長會議副主席貝利亞、內政部長庫魯格洛夫（Sergei NikiforovichKruglov, 1907 - 1977）、國家安全理事會主席阿巴庫莫夫（Viktor Semyonovich Abakumov,1894 - 1954） 等聯合呈送史達林之報告，確認1943年5月4日蘇共中央有關新疆問題決議業已獲得圓滿成功，請求蘇共中央獎勵內政部及國家安全委員會有關部門和人士。見В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949, стр. 75.

74 郭廷以編著，《中華民國史事日誌》，第四冊，（1938 - 1949）（臺北：中央研究院近代史 研究所，1985年），頁244

75 《外交部档案丛书 - 界务类》第三册《新疆卷》（一），页194

76 《外交部档案丛书 - 界务类》第三册《新疆卷》（一），页195

77 《外交部档案丛书 - 界务类》第三册《新疆卷》（一），页200

78 《外交部档案丛书 - 界务类》第三册《新疆卷》（一），页204。10月6日蒋介石核准该项事由，10月12日外交部训令驻新疆特派员吴泽湘，暂缓向苏联提出抗议。见《外交部档案丛书 - 界务类》第三册《新疆卷》（一），页207

79 《外交部档案丛书・界务类》，第三册《新疆卷》（一），2001年，页203 - 204

80 《外交部档案丛书・界务类》，第三册《新疆卷》（一），2001年，页207

81 1943年9月在喀什噶爾、迪化、和闐等地區時常可見印製精美的《為民族的復興前進》之宣傳冊子，其各處宣傳小冊之內容略異，但其要求略同：（1）在新疆成立民族參政會；（2）消滅獨裁制度；（3）建立維、哈、柯、蒙等族的軍隊；（4）釋放被押頭目及宗教首領；（5）從速停止由中國內地移民；（6）限制國稅，准許貨物自由流通；（7）制定 新疆人民與蘇聯自由貿易法規等事項。唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁208。《為民族的復興前進》之宣傳冊子全 文見唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁204 - 207

82 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁211 - 215

83 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁209 - 210。蘇聯在與新疆交界處的活動，詳見唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁211 - 215

84 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁216

85 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁217

86 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁218

87 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁218；張大軍，《新疆風暴七十年》，第十一冊（臺北：蘭溪出版社，1980年），頁6257

88 張大軍，《新疆風暴七十年》，第十一冊，頁6532、6535

89 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁223

90 俄羅斯聯邦對外政策檔案館，〈中國問題咨詢處全宗〉（АВП РФ. Ф. Референтура по Китаю. Оп. 32 - а. П. 299. Д. 11. Л. 1 - 18），見В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949, стр. 75 - 76.

91 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949, стр. 78

92 俄羅斯聯邦對外政策檔案館，〈中國問題咨詢處全宗〉（АВП РФ. Ф. Референтура по Китаю. Оп. 32 - а. П. 299. Д. 11. Л. 17），見В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949, стр. 77.

93 俄羅斯聯邦對外政策檔案館，〈中國問題咨詢處全宗〉（АВП РФ. Ф. Референтура по Китаю. Оп. 35. П. 237. Д. 14. Л. 1 - 13; Оп 32 - а. П. 299. Д. 9. Л. 9 - 11），見В. А. Бармин,Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941 - 1949, стр. 77 - 78.

94 郭廷以編著，《中華民國史事日誌》，第四冊（1938 - 1949），頁273

95 秦孝儀主編，《中華民國重要史料初編——對日抗戰時期》，第三編《戰時外交》（二）（以下簡稱《戰時外交》（二））（臺北：中國國民黨中央委員會黨史委員會，1981年），頁457 - 458、458 - 459；李嘉谷編，《中蘇國家關係史資料彙編（1933 - 1945）》（北京：社會科學文獻出版社，1997年），頁494 - 495

96 秦孝儀主編，《戰時外交》（二），頁297。據唐縱3月14日日記，「此事顯係蘇方有計劃 之行動，使盛在新無法立足。」唐縱，《在蔣介石身邊八年——侍從室高級幕僚唐縱日記》（以下簡稱《唐縱日記》）（北京： 群眾出版社，1991年），頁416。

97 郭廷以編著，《中華民國史事日誌》，第四冊（1938 - 1949），頁274。

98 United States Department of State, Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers (以下簡稱 FRUS), 1944, China, Vol. VI, p.762

99 秦孝儀主編，《戰時外交》（一），頁164

100 秦孝儀主編，《戰時外交》（一），頁165

101 秦孝儀主編，《戰時外交》（二），頁297

102 秦孝儀主編，《戰時外交》（二），頁403

103 FRUS, 1944, China, Vol. VI, p.766. 中文資料中時常將「蘇聯」與「蘇俄」混用，當有區別。俄國自「十月革命」（公曆1917年11月7日）之後，建立了「俄羅斯蘇維埃聯邦社會主義共和國」，簡稱蘇俄，其英文為 Russian Soviet Federative Socialist Republic，其俄文為 Rossiyskaya Sovetskaya Federativnaya Sotsialisticheskaya Respublika。1922年12月30日由俄羅斯、烏克蘭、白俄羅斯和南高加索聯邦共同組成「蘇維埃社會主義共和國聯盟」，簡稱蘇 聯，其英文為The Union of Soviet Socialist Republics（USSR），其俄文為 Soyuz Sovetskikh Sotsialisticheskikh Respublik（СССР）。文中「蘇俄」多從引文之主人

104 FRUS, 1944, China, Vol. VI, p. 767.

105 FRUS, 1944, China, Vol. VI, pp.768 - 769. 另外，美國副總統華萊士1944年6月訪問新疆後的總結報告也稱：「似乎沒有理由懷疑早春在新疆與外蒙古邊界發生的糾紛，是由於中國方面 企圖使逃入外蒙境內的哈薩克牧民返回新疆，並派軍隊追趕，這些軍隊又被蒙古人趕了回來，從而造成的。蘇聯駐外蒙公使說，蒙古飛機轟炸了新疆幾處地方，以報復中國對外蒙的轟炸。他對於現在的局面似乎並不關心。」See FRUS, 1944. China. Vol. VI, p. 240.

106 FRUS, 1944, China. Vol. VI, p. 769.

107 秦孝儀主編，《戰時外交》（一），頁166 - 167.

108 郭榮趙編譯，《蔣委員長與羅斯福總統戰時通訊》（臺北：中國研究中心出版社，1978年），頁206 - 208

109 郭榮趙編譯，《蔣委員長與羅斯福總統戰時通訊》，頁206 - 208

110 秦孝儀主編，《戰時外交》（一），頁167 - 174

111 FRUS, 1944, China. Vol. VI, pp. 776 - 777；有關美國對蘇聯政策之變化，See John W. Garver,Chinese - Soviet Relations, 1937 - 1945: The Diplomacy of Chinese Nationalism, pp. 99 - 200. 有學者認為國民政府接受美國調解的原因是：一是為了適應國內政治上的反共需要；二是出於關於戰後世界政治的某些考慮。羅志剛，《中蘇外交關係研究（1931 - 1945）》，頁266 - 269

112 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)， 頁461

113 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)， 頁462

114 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)，頁462

115 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁238

116 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁239 - 240

117 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)，頁460

118 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)，頁460

119 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)，頁461

120 據唐縱4月3日日記所載：「昨日蘇聯塔斯通訊社發表消息，謂新疆對外蒙實施轟炸，蘇聯 有對外蒙援助之義務。此消息答復我對蘇之抗議，顯然有擴大事態之趨勢。自此新蘇問題 發生後，吾知中蘇交恐無澄清之望。觀蘇聯最近之態度，情勢至為顯然。」唐縱，《唐縱日記》，頁420。當時大約國民黨上層都有同感

121 王世杰，《王世杰日記》，第四冊 （臺北：中研院近代史研究所編印，1990年），頁289

122 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁289。唐縱曾與蔣經國談論過中蘇問題。據唐縱4月12日日記所載，蔣經國告訴唐縱，「蘇聯對中國之問題，不是中共與國民黨問題，而是中國在戰後是否與蘇聯一致。如果戰後中國參加反蘇陣線，蘇聯不願意的。中國想打開對蘇外交，除非保證中國不致反蘇。」唐縱，《 唐縱日記》，頁423

123 郭廷以編著，《中華民國史事日誌》，第四冊（1938 - 1949），頁277

124 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁291 - 292。據唐縱3月29日日記，「軍令部已見仍應 與蘇聯保持友誼，不可因小失大，應設法調整人事，盛須調離新省，另派他職。所見與我 完全相同。」唐縱，《 唐縱日記》，頁419

125 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁297

126 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁297

127 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁236

128 秦孝儀主編，《戰時外交》(二)，頁405

129 Herbert Feis, The China Tangle :The American Effort in China from Pearl Harbor to Marshall Mission（Princeton: Princeton University Press, 1953）, pp. 138 - 139. 美國援華軍火物資，包500輛卡車，美軍1000人，從波斯灣繞道中亞入境新疆。預定1944年10月1日自波斯灣啟 程，12月1日到伊寧。這是蘇聯最不樂意見到的事 。安寧，《新疆內幕》(出版地不詳：創 墾出版社，1952年)，頁169

130 Arthur N. Young, China’s Wartime Finance and Inflation (Cambridge, Mass: Harvard University Press, 1965), p. 253.

131 郭榮趙編譯，《蔣委員長與羅斯福總統戰時通訊》，頁225

132 赫伯特. 菲斯（Herbert Feis）著、林海等譯，《中國的糾葛：從珍珠港事變到馬歇爾使華美國在中國的努力》（北京：北京大學出版社，1989年），頁160 - 161；赫伯特. 菲〈華萊士使華前後〉，《國外中國近代史研究》，第八輯（北京：中國社會科學出版社，1985年），頁124

133 美國總統羅斯福派副總統華萊士來華，由阿拉斯加經蘇聯西伯利亞、中亞於1944年6月18日到達迪化，以瞭解新疆的局勢。當華萊士到達迪化機場時、盛世才夫婦，蔣介石的代表王世杰，外交部參事郭斌佳，新疆監察使羅家倫，外交部新疆持派員吳澤湘，國民黨新疆省黨部書記長黃如今，新疆督署參謀長汪鴻藻及美國大使館參事、蘇聯駐新疆總領事、美國領事、英國領事等到機場迎接，盛世才自然給予極周到隆重的接待。蔣介石與華萊士自6月21日晚間首次會談開始，先後五次交換了意見。華萊士首先表示美國和蘇聯對中國的看法：「美國駐莫斯科大使聽史達林說起：蘇聯對國民政府不滿，希望國民政府容納共黨力量共同抗戰。史達林並且明言，中國共產黨無理論之立場，並非真正共產主義者，且與蘇聯無甚關係。史達林又表示：希望美國介入中、蘇關係之改善，但此僅為從中疏解，而並非希望其居於仲裁地位。」古屋奎二著、中央日報譯，《蔣總統秘錄》，第十三冊（臺北：中央日報社譯印，1977年），頁145

134 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁332 - 333

135 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁339 - 342。王世杰雖然力主中蘇邦交親善，但實屬無奈之舉。1944年8月22日王世杰致函侍從室第二處主任陳布雷：「蘇聯對中國，誠令人悶悶，但我方做法似只有力求接近。」秦孝儀主編，《戰時外交》（三），頁873

136 吳相湘，《俄帝侵略中國史》（臺北：正中書局，1965年），頁471

137 The United States Department of State, United States Relations with China, with Special Reference tohe

Period 1944 - 1949 (Washington D.C.: Government Printing Office, 1949), p. 550.

138 The United States Department of State, United States Relations with China, with Special Reference tothe Period 1944 - 1949, p. 550

139 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁338 - 343

140 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁352 - 354

141 卡比察（M. C. Капица）著，趙承先、忻鼎明合譯，《1931 - 1945年的中蘇關係》（北京：世界知識出版社，1957年），頁106

142 世界知識出版社編，《中美關係史資料彙編》，第一輯（北京：世界知識出版社，1957年），頁140

143 周寧選輯，〈軍委會參事室主任王世杰關於改進中蘇關係意見簽呈〉，《民國檔案》，期2（2006年），頁52

144 FRUS, 1944, China, Vol. VI, 1967, p. 485.

145 秦孝儀主編，《戰時外交》（一），頁877

146 今之吉木乃縣地處新疆維吾爾自治區北部邊陲，隸屬於伊犁哈薩克自治州阿勒泰地區（Altay），位於準噶爾（Junghar）盆地北緣，薩吾爾山（阿勒泰山山脈之一）北麓，額爾齊斯（Irtish）河南岸，地理坐標為北緯47º00’ - 47º59’，東經85º33’ - 87º09’，西與哈薩克斯坦共和國接壤，邊境線長141公里，東與福海縣（Burultokay, 阿勒泰地區中部）毗鄰，南與塔城地區（Talbagatai）的和布克賽爾（Hoboksar）蒙古自治縣相連，北接哈巴（Kaba）河、布爾津（Burqin）兩縣

147 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁266 - 270

148 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁273

149 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁270

150 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁242、244 - 245、248 - 249

151 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁244 - 251

152 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁243

153 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁243

154 1 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁249 - 250

155 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁250

156 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁275

157 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁275

158 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁275

159 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁275 - 277

160 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁277 - 278

161 唐屹、藍美華、趙竹成編著，《外交部檔案叢書——界務類》，第三冊《新疆卷》（一），頁254 - 257

162 FRUS, 1944, China, Vol. VI, pp. 812 - 813.

163 王世杰，《王世杰日記》，第四冊，頁395 - 396

164 FRUS, 1944, China, Vol. VI, p. 240

165 中國邊政協會編，《盛世才怎樣統治新疆》（臺北：中國邊政協會，1954年），頁61 - 64

166 大衛·達林著、潘崖譯，《蘇聯與遠東》（臺北：華國出版社，1950年），頁357。1944 年8月16日美駐華大使高思致美國國務卿赫爾電中指出，「將盛世才保留在新疆是改善中蘇關係的一大障礙，我們非常懷疑盛世才與蘇聯恢復友好關係的可能性，也懷疑蘇聯會在此時開始他們對新疆實行積極控制的計畫。」See FRUS, 1944, China, Vol. VI, p. 806.

167 王世杰，《王世杰日記 》，第四冊，頁291 - 297。有學者認為國民政府接受美國調解的原因是：一是為了適應國內政治上的反共需要；二是出於關於戰後世界政治的某些考慮。羅志剛，《中蘇外交關係研究：1931 - 1945》，頁266 - 269

168 據中國學者分析，蘇聯支持少數民族人民起來反對盛世才、國民黨的主要方法是：第一，由 蘇聯政府出

面，通過外交途徑，強烈譴責盛世才、國民黨的反蘇活動，要求撤換盛世才。第二，製造輿論，發動群眾。他們採用少數民族比較容易接受的民族、宗教口號來發動群眾。第三，策動建立秘密組織，培訓骨幹。第四，開放邊境，掩護因反對盛世才、國民黨而逃蘇的人員。新疆三區革命史編纂委員會，《新疆三區革命大事記》（烏魯木齊：新疆人民出版社，1994年），頁13 - 14

169 據對當時情況略有所知的李帆群分析，「他知道回到內地，不論擔任什麼職務，都是徒有虛 名；而且他在新疆殺了那麼多人，一旦他手裏無權，這些人的親屬必然要對他進行報復。因此，他又打算以排除國民黨人為條件，再度依靠蘇聯，並派汪鴻藻攜帶他的親筆密函與蘇聯駐迪化總領事館聯繫，希望能得到蘇聯政治和軍事的援助，同時命令糧服處準備一年的糧米，必要時不惜與國民黨兵戎相見，以便再做他閉關自守的迷夢。可是，蘇聯拒絕了他的要求，使他失去了最有力的依靠，而且，他得力的部隊將領柳正欣等都已經入獄，其左右又不敢和國民黨較量，眾叛親離，使他陷於四面無援，手足無措的孤立境地。而朱紹良又代表中央勸其離新，東疆方面更是大軍（國民黨軍）壓境，如果再頑抗下去，恐怕連個農林部部長也當不上，權衡輕重，只有走是唯一的出路，如此，還可以落得一個比較圓滿的結局，不致於狼狽不堪。」見李帆群，〈盛世才投靠國民黨的前前後後〉，載《新疆文史資料精選》，第2輯（烏魯木齊：新疆人民出版社， 1998年），頁234。另外，美國副總統華萊士1944年6月20日飛抵迪化，提倡中蘇有好的綏靖主義，這為盛世才帶來了莫大的暗示，認為美國後臺也不可靠。安寧，《新疆內幕》（出版地不詳：創墾出版

社，1952），頁161

170 梁仁編著，《塞外霸主——盛世才》（蘭州：蘭州大學出版社，1998年），頁239

171 梁仁編著，《塞外霸主——盛世才》，頁259。盛世才叛變民國政府及迫害國民黨駐新疆人士，詳情見梁仁，《塞外霸主——盛世才》，頁234 - 248

172 梁仁編著，《塞外霸主——盛世才》，頁239

173 梁仁編著，《塞外霸主——盛世才》，頁259

174 包爾漢，《新疆五十年》（北京：文史資料出版社，1984年），頁269。據安寧的論述，「盛氏秘密通過蘇聯領館向史達林懺悔，願將新疆整個加入蘇聯，作為蘇聯戰後加盟共和國之一。」安寧，《新疆內幕》，頁161。對內情較了解的郎道衡以為，盛世才，「不能認為他還是回到蘇聯懷抱中去，可能他有這種幻想，但事實上已不可能。」郎道衡，〈我所知道的「新疆王」盛世才〉，《新疆文史資料精選》，第2輯（烏魯木齊：新疆人民出版社，1998年），頁176

175 安寧，《新疆內幕》，頁161 - 162

176 張大軍，《新疆風暴七十年》，第十一冊，頁6005 - 6006。盛世才最初逮捕國民黨中央派新人員時，原是討好蘇聯的表示，表示他決心叛離國民黨中央，假如蘇聯不是為了顧忌美英和整個戰局的關 係，再度收容盛世才當然是順理成章的事。但蘇聯對盛世才下一步的行動未即指示，而國民黨中央行動迅速，一面派朱紹良等安撫，一面令入新部隊挺進迪化。盛世才深知自己實力不足以抗拒國民黨中央入新部隊，而外來援兵又非一時所能洽妥，徬徨數日，終於狼狽就範。梁仁，《新疆五十年》，頁241

177 6 據了解吳忠信任命新疆實情的曾小魯所稱，「新職主席一缺，偽中央的大員逐鹿者不少。如 梁寒操、朱家驊都到過新疆。朱躍躍欲試。孫科則力保梁寒操。二陳（果夫、立夫兄弟）也想推薦C.C. 人物。但是蔣介石心目中卻屬意於吳忠信。因為新疆環境特殊，過去楊、金、盛 都把新疆搞成獨立王國，好容易盛世才交出地盤，必須派一個既沒有野心又老成持重的人才能放心。吳忠信主待邊政多年，各方均著信譽，而且過去擔任安徽、貴州主席時，均不過一年，即再三辭職。這樣，逐鹿諸人也就無話可說。吳的班底只帶去曾小魯，周昆田兩人。周為省府委員，曾為省政府秘書長」。曾小魯，〈吳忠信統治新疆經過〉，《新疆文史資料選輯》，第1輯（烏魯木齊：新疆人民出版社，1979年），頁86

178 有些學者認為，1944年9月重入中國版圖，這是自1877年以來左宗棠西征以後中國內地勢力第二次大規模的西征。在1877年到1944年的60餘年間，除極少數漢人官吏及冒險家外，是極端的隔膜。安寧，《新疆內幕》，頁163

179 包爾漢，《新疆五十年》，頁270

180 歐陽雲梓，〈盛世才被迫離新原因探析〉，《紹興文理學院學報》，卷24期6（2004年12月），頁19 - 22

181 黃建華，〈論國民黨政府新疆政策的特點及成因〉，《新疆師範大學學報》（哲學社會科學版），期2（2002年4月23日）， 頁53

182 曾小魯，〈吳忠信統治新疆經過〉《新疆文史資料選輯》，第一輯，頁88 - 90

183 吳忠信建議分省雖然沒有得到國民黨中央的批准，但從吳忠信的一首詩中可知其有關想法：「建議新疆分四省，山南山北與昆侖，安西從此安磐石，立只天山盡故人。」曾小魯，〈吳忠信統治新疆經過〉，頁90

184 黃建華，〈論國民黨政府新疆政策的特點及成因〉，《新疆師範大學學報》(哲學社會科學版)，頁55

185 張大軍，《新疆風暴七十年》，第十一冊，頁6257

186 黃建華，〈論國民黨政府新疆政策的特點及成因〉《新疆師範大學學報》（哲學社會科學版），頁53




# خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتى ۋە رايوندىكى مۇسۇلمان كۆپلەر بىلەن ھەمكارلىقى

**مەلىكا ئۆزگە**

ئىبن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى.

E - mail:

**ئاساسىي مەزمۇنى:** دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە نۇرغۇن سۈكۈتتىكى پەرياد ئاۋازلىرى، كەڭ دائىرىدىكى تاراتقۇلاردا يەرياد ئاۋازلىرىنىڭ تارقىلىشىنى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىمبارگو جازالىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۈتمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى پەقەت ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىنمۇ قەدەم بېسىلىشىنى كۈتمەكتە بولغان سۈكۈتتىكى پەريادلاردىن بىرسى. كۆرگىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەھشىي باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئائىت مەلۇماتلار جاپالىق ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە كەڭ خەلققە ئېلان قىلىنماقتا.

گەرچە شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار باشتىن كەچۈرگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان زۇلۇم ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئورۇن ئاجرىتىلىپ كەڭ خەلقنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ،ئەمما تېخىچە سىياسىي مەنىدە يەنىلا يېتەرلىك بىر شەكىلدە كۈن تەرتىپكە ئېلىنمىدى. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرمەكتە بولغان قەتلىئام، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ھەق - ھوقۇققا دەخلى تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى مۇنداق بىر مۇھىم سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدى: مۇسۇلمان دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن نېمىشقا ئاۋاز چىقىرالمايۋاتىدۇ؟ بۇ سوئالغا خىتاينىڭ رايون ۋە دۇنياۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىكى ئېنېرگىيە ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ چىقىش ئارقىلىپ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى، خىتاينىڭ قوشنا بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەندەك،ئەرەب دۇنياسىنى ۋە باشقا مۇسۇلمان پائالىيەتچىلەرنىمۇ كونتروللۇقىغا ئالغانلىقىدۇر. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زۇلۇمغا قارشى سۈكۈتتە تۇرۇشىدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇخشىمىغان سىياسىي سەۋەبلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىلىك قىيىنچىلىقلار بار.

بۇ ماقالىدە، يېقىندا كۈنتەرتىپكە كەلگەن تالىبان - خىتاي مۇناسىۋىتى بىلەن بىرگە، ئاساسلىق خىتاينىڭ ئافغانىستان، پاكىستان مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنىدۇ.

**Abstract**: Many silent cries around the world are still waiting to be heard on a wide platform and in anticipation of political sanctions. The painful experiences in East Turkestan, on the other hand, are not only limited to the media, but are also among these cries that are expected to be taken politically and therefore waiting to be heard. As far as we can see, data on numerous atrocities and genocides in the region continue to be announced to the public with determination.

Although the media coverage of the appalling oppression experienced by the Muslims of East Turkestan creates a wide public opinion, it still cannot be brought to the agenda in a political sense. Therefore, records of massacres, systematic genocides and violations of rights in East Turkestan today raise another very important question: Why can't Muslim countries raise their voices for East Turkestan? In this sense, we can say that the answer lies in China's energy and trade relations in regional and global dynamics. We have no doubt that the answer in question covers the administrations of neighboring Muslim countries , as well as the Arab world and other Muslim actors.

In this article, we will examine China's Afghanistan and Pakistan relations with the main lines that also included the Taliban - Chinese relations, which have also been on the agenda most recently.

## خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياستىنىڭ ئاساسىي دىنامىكلىرى

خىتاينىڭ 1990 - يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات نىشانى نېفتكە بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇردى. خىتاينىڭ ئېنىرگىيەنى ئۆگۈشلۈق ۋە مۇقىم بىر شەكىلدە قولغا كەلتۈرۈش ئارتۇقچىلىقى خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي ئۇلى ئىكەنلىكىنى

كۆرەلەيمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى، ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلماقتا. خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى پائالىيەتلىرىنى بۇ ئۆلچەم بىلەن باھالاش تولىمۇ مۇھىم.

مەسىلەن، 1997 - يىلىدىكى ئاسىيا ئىقتىسادىي كرىزىسىدە، خىتاينىڭ كىچىك دۆلەتلەرگە قارىتا تۆۋەن تامۇژنا سىياسىتى ۋە ئەرزان باھالىق خام ئەشيا سېتىش ئىستراتېگىيەسى خىتاينىڭ ئاسىيادا كۈچلۈك بىر ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ياپونىيەنىڭ ئاسىيادىكى رەھبەرلىكىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېنېرگىيەگە باي دۆلەتلەرگە، ئەرزان باھالىق خىتاي مېلىنى سېتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاشۇردى.

دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى نېفىت شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتقاندا، خىتاي، ئەركىن نېفىت بازىرىدا پايدىسىز ئورۇندا بولۇپ، بىخەتەرلىك سىياسىتىگە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېنېرگىيەگە ئېرىشىدىغان خىتاي، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىستراتېگىيەلىك بىخەتەرلىك پەرقىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىپ، تۆۋەندە تىلغا ئالماقچى بولغان تۈرلۈك تۈرلەرگە يۈزلەندى. (ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يول خەرىتىسى كۆرستىشى كېرەك.)

خىتاي، شەرقىي تۈركىستاندا دۇچ كېلىدىغان «بىخەتەرلىك مەسىلىسى» نى كۆزدە تۇتۇپ؛ خىتاي رايوندىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ھەرخىل ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي يارەملەرنى بېرىش ئارقىلىق، ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىغا ئاۋام دىپلوماتىيەسى ئىشلىتىش ئارقىلىق دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان تەھدىتلەرنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق ئىچكى بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق ئامىللىرىنى كونترول قىلىشى خىتاينىڭ بىرىنچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر. ئىككىنچى قەدەم بولسا؛ ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە سىياسىي تەسىر كۈچىنى ئىشلىتىپ دۇنياۋى كۈچىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر.

## خىتاينىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىتى ۋە ئۆزگىرىشچان ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيىسى دائىرىسى ئىچىدە ئىقتىسادىي تەسىرى

خىتاي، ھازىر داۋام قىلىۋاتقان تۈرلىرىدە ئىشلەتمەكتە بولغان تەييار ئېنېرگىيەلەرنى تۇرۇبا يولى لىنىيەسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ شەرقىي تەرەپتىكى سانائەتلەشكەن شەھەرلىرىگە يۆتكىمەكتە.

تىلغا ئېلىنغان بۇ تۈرلەردە خىتايغا نىسبەتەن قازاقىستان، تۈركمەنىستان ۋە ئىران ھالقىلىق ئورۇندا تۇرماقتا. ئىراننىڭ سابىق نېفىت مىنىستىرى بىجان زانگانەخنىڭ: خىتاينىڭ، ئىراننىڭ نېفىت ئېكسپورتىدا ياپونىيەنىڭ

ئورنىنى ئېلىپ باشلامچى قاتاردا بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشى، ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قارىتا ئېمبارگوسى ۋە بۇ رايوندىكى ئېنېرگىيە رىقابىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا 70 مىليارد دوللارلىق ئېنېرگىيە كېلىشىمى ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىم نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر تەشكىلاتى (OPEC) غا ئەزا بىر دۆلەتنىڭ ئىمزالىغان ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە كېلىشىمى بولۇپ تارىخقا يېزىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، 2009 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەبئىي گاز تۇرۇبا لىنىيىسىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا شەرقىي تۈركىستان رايونىغا قەدەر سوزۇلدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي، چېگرا قوشنىسى بولغان بىرمادىكى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئۆزىگە كېلىشى ئۈچۈن ھىندىستان بىلەن رىقابەت قىلماقتا. 2008 - يىلىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىرما ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۈرۈش يىغىنىدا، خىتاي ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرما ھۆكۈمىتىگە چاپان ياپقان ئىدى. خىتاي ئومۇمەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ، خىتايغا قوشنا دۆلەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئېمبارگو قارارلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن بىر تەھدىت دەپ قارايدۇ، ۋە بۇ قارارلارنى رەت قىلىدۇ. بۇ پىكرىنى ، خىتاينىڭ تالىبانغا قارىتا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن بىلەلەيمىز.

خىتاي، ئېنېرگىيە بايلىقلىرى مەنبەسىنى كۆپەيتىش مەقسىتى بىلەن، ئوتتۇرا شەرقتە سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىرانغا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستانغا بېقىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئافرىقادىكى ئېنېرگىيە بايلىقلىرى ئارقىلىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئانگولا ۋە سۇدان خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتىدە ئالدىنقى ئورۇننى تۇتماقتا. مەسىلەن، 1994 - يىلى سۇداندىن چېكىنىپ چىققان ئامېرىكا ئېنېرگىيە شىركىتى (Chevron) نىڭ ئورنىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر ئارقىلىق تولدۇرغان ئىدى. خەلقئارالىق شىركەت خىتاي نېفىت - خىمىيە شىركىتىنىڭ (CNPC) سۇداندا چوڭ پايدىسى بار.

## «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسى (2013) ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادىي نىشانلىرى

### پاكىستان - خىتاي مۇناسىۋىتى

خىتاي - پاكىستان مۇناسىۋىتى 1950 - يىلى پاكىستاننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن باشلاندى. 50 - 60 - يىللاردا تەرەققىي قىلغان ۋە كۈچەيگەن مۇناسىۋەتلەر، ئۆز - ئارا ئىستراتېگىيىلىك قەدەملەر بىلەن داۋاملاشتى؛ خىتاي، پاكىستاننى ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە تېخنىكا ساھەسىدە بەك كۆپ قوللىغان بولسا؛ پاكىستان، خىتاينى شەرقىي تۈركىستان

ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى جەھەتتىن داۋاملىق قوللاپ كەلدى. خىتاينىڭ 1960 - يىلىدىن ھازىرغىچە پاكىستان ئارمىيىسىنى كۈچلۈك تېخنىكا قوراللىرى ۋە ئۇل - ئەسلىھە مۇلازىمىتى بىلەن قوللاپ كەلگەنلىكى دىققەت تارتىدۇ. ھەتتا ،مۇتەخەسسىسلەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاسىيانىڭ، ئامېرىكا - ئىسرائىل مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىدۇ. زولپىقار ئەلى بۇتتونىڭ دەۋرى، پاكىستان - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچەيگەن مەزگىلىدۇر.

ئىككى دۆلەتنىڭ سودا كېلىشىمى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا. خىتاي، پاكىستاندا يۇقىرى تەننەرخلىق تەرەققىيات تۈرلىرىگە ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچى. پاكىستاننىڭ بەلۇجىستان رايونىدىكى گۋادار دېڭىز پورتى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ. تەخمىنەن 20 دۆلەت ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پورتتا ئەڭ چوڭ پاي ساھىبى خىتاي. بۇ پورت، نېفىت توشۇش خەلقئارا لىنىيىسى بولغان ھورمۇز بوغۇزىدىن 180 مىل يىراقلىقتا جايلاشماقتا. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاينىڭ پارس دېڭىز قولتۇقىغا چىقىشىنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇش سۈپىتى بىلەن گىئو - ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم تۈگۈندۇر. بۇ ئارتۇقچىلىق بىلەن خىتاي، شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق ئىمپورت قىلغان نېفىتنى ئەرەب دۆلەتلىرىگە بىخەتەر توشالايدۇ. پورت، 2008 - يىلىدا ئېچىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائالىيىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقتا.

پاكىستان بۇ ياردەملىرىنىڭ بەدىلىگە، بولۇپمۇ 2011 - يىلىدا«تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامى بىلەن ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ (ETIM) يېزا - سەھرالاردىكى پائالىيەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى ئاخبارات ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار ۋە ئەمرلەرنى 2000 - يىلنى بېشىدا شېھىت قىلدى. مەسىلەن 2003 - يىلى، پاكىستان ئىستىخباراتى ھەسەن مەخسۇم ئىسىملىك شەرقىي تۈركىستان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن چېتىشلىق ئەمرنى شېھىت قىلىپ بىر قىسىم مۇجاھىدلارنى قولغا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ۋە پاكىستان، «ئۇيغۇرلارغا قارشى دوستلۇق - 2004 نامىدا تۇنجى بىرلەشمە ئىستىخبارات» ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانىدى.

ئامېرىكا - ھىندىستاننىڭ، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە قارشى باسقان قەدەملىرىگە قارىتا؛ خىتاي، پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇقىم ۋە كۈچلۈك ھالەتتە ساقلاپ كەلمەكتە.

### تالىبان مەسىلىسى ئافغانىستان مۇناسىۋىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان

ئافغانىستان - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ بۈگۈنكى ھالغا كېلىشىدىن بۇرۇن، ئافغانىستاننىڭ 1933 - يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتى ۋە دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمىز. ئەمما كېيىنكى دەۋردە، يەنى 1950 - يىللاردا خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىشىشىغا ئەگىشىپ؛خىتاينىڭ ئافغانىستانغا بولغان مايىللىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە خىتاي - ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە تىجارەت كېلىشىمى بۇ مەزگىلدە ئىمزالاندى.

خىتاينىڭ مۇقىملىق ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتە تاشقى دىپلومات تەلپى بويىچە،

قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان چېگرا كېلىشىمىنىڭ ئەھمىيىتى زور. 1963 - يىلىدا ئافغانىستان بىلەن ئىمزالىغان «كابۇل كېلىشىمى» بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چېگرالار بېكىتىلگەندىن كېيىن، خىتاي ئافغانىستاندا بۇنىڭغا ئوخشاش سىياسەتلەرنى داۋام قىلىپ؛ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. مەسىلەن، 1965 - يىلى، 28 مىليون دوللار قىممىتىدىكى تۈنجى ياردەم فوندىنى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىگە بەردى. بۇ ياردەم ئارقىلىق ئافغانىستاندا نۇرغۇنلىغان دېھقانچىلىق ۋە سانائەت تۈرلىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. كابۇلدىكى پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي، ئافغانىستانغا تېخنىكا مۇتەخەسسىسلەرنى داۋاملىق ئەۋەتتى.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ھالقىلىق باسقۇچ 1978 - يىلىدا ئېلىپ بېرىلدى. 1978 - يىلىدا ئىمزالانغان ئافغانىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق كېلىشىمى، خىتايغا - ئافغانىستان مۇناسىۋىتىدە سوغۇق بىر باسقۇچ يارىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى توختاپ قالدى. ھەتتا خىتاي، ئافغانىستاندىكى كوممۇنىزمغا قارشى چىققان مۇجاھىدلارنى قوللاپ ياردەم قىلدى. ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىققان جىددىيچىلىك نەتىجىسىدە، رۇسلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا ھەربىي ئەسلىھەلەر قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ئارمىيەسى ئافغانىستاندىكى رۇسلارغا قارشى مۇجاھىدلارنى ھەربىي مەشىق، قورال، تەشكىللىنىش، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئەسلىھەتچىلەر بىلەن قوللىدى. 1989 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشى ۋە 1992 - يىلىدا ئافغانىستان ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، خىتاي - ئافغانىستان مۇناسىۋىتى قايتىدىن نورماللىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تالىبانىنىڭ كۈچىيىشى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ئەندىشىسىنى كۈچەيتتى.

تالىبانىنىڭ پاكىستان تەرىپىدىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى يەنى پاكىستان ئىستىخبارات تەشكىلاتى تالىبان قوراللىق كۈچلىرىگە جەڭ مەشىقى ۋە قورال تەمىنلىدى دېيەلەيمىز. بەزى دوكلاتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ئازاتلىق كۈچلىرى 1986 - يىلىدىن بۇيانغا قەدەر ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى بىلەن رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ھەربىي مەشىق تەلىمى ئالغان. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى قوللىنىلغان قورال ۋە پارتلاتقۇچىلار ئافغانىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن. 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭ، تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ پاناھلىنىدىغان ئورنىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭلاشقا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالىبانلار بىلەن جىددىي ۋە ئەستايىدىل ئالاقە ئورناتقان ئىدى. مەسىلەن 2000 - يىلى 12 - ئايدا قەندىھاردىكى بىر يىغىندا تالىبانىنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئۆمەر، خىتاينىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لۇ شۇلىنغا (陆树林) خىتايغا قارشى ھەرقانداق بىر ھەرىكەتتە ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئىشلىتىشكە ھېچقانداق بىر تەشكىلات ئۈچۈن يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تالىبان ئۇيغۇر قوراللىق

كۆچلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى قاتارلىق گۇرۇپپىلارغا يېتەكلىدى. خىتاي تالىباننىڭ بۇ قوللىشىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا جاۋابسىز قالدۇرمىدى؛يەنى تالىبانلارغا يۇرگۈزۈلگەن جازالارنىڭ يېنىكلىتىلىشىگە ياردەم بەردى. خىتاي ـ تالىبان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى تەرەققىي قىلدى ۋە 11 ـ سېنتەبىر ھۇجۇمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى ئىمزالانماقچى بولغان ئىدى، لېكىن بېيجىڭ تەرەپ، ئامېرىكادىكى ھۇجۇملار سەۋەبىدىن كېلىشىمنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئافغانىستان مۇجادىلىسىدىن كېيىن ئاشتى دېيەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى مەنپەئەتى خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيەنى ئاساس قىلىدۇ. ئافغانىستان يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن تېخى قېزىپ چىقارمىغان مىس، نېفىت،ئالتۇن،كوبالت،لىتىي قاتارلىق چوڭ بايلىقلارغا ئىگە دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خام ئەشيا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى بىۋاستە تەمىنلىيەلەيدۇ. ئافغانىستاندا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى بار. بىرىنچىدىن، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ،مېتال ئىستېمالچىسى بىر دۆلەت ۋە شۇنداقلا ئامېرىكادىن قالسىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئىشلىتىدىغان دۆلەت، ئەمما ئىچكى بايلىقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا مەنبەلىرىنى چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلىشى كېرەك. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئافغانىستاندىكى بايلىق خىتايغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم شۇنداقلا ئۈنۈملۈك ۋە قولاي ئېرىشەلەيدىغان ئەھۋالدا.

نەتىجىدە، بوگۈنلەردىمۇ تاراتقۇلاردا ئەكس ئەتتۈرگەن تالىبان ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتىنىڭ بىر تەلپى سۈپىتىدە چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رايوندىكى ئېنېرگىيە يۆتكەش كارىدورىنى، خىتاينىڭ رايون دۆلەتلىرىگە سالغان مەبلىغى ۋە يۇمشاق كۈچىنى تەھلىل قىلىش مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانمىلار


- Valerie Niquet, ‘‘ China and Central Asia’’, China perspective, French Centre for Research, on Contemporary China , (Oct 2006),

http://chinaperspectives.revues.org/1045. , s. 5

- China National Petroleum Corporation, ‘‘ Natural gas arrives at Guangdong from Turkmenistan’’ 25/11/2011 son (Erisjme 2015),

http://www.cnpc.com.cn/en/nr072/201211/2011aad7fdef2418faf756786b4325ab3.shtml

- Louis Dupree, Afghanistan, Princeton University Baskı, New Jersey 80 - 78 - 1973, s . 641
- Zhao Renfeng, “Iran Prefers China for Oil Exploration Projects,” China Business Weekly, 10 Ka - sım 2004,

http://www.chinadaily.com.cn/english/doc/09/11 - 2004/ content_390435.htm, (Eri - sjm Tarihi 12 Kasım 2010).



# جامائەتمۇ ياكى جەمئىيەتمۇ؟

**ئاساسىي مەزمۇنى:** ئىجتىمائىي مەخلۇق ھېسابلىنىدىغان ئىنسان، تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن تۇردەشلىرى بولغان باشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ مەجبۇرلۇقنىڭ تېگىدە بىئولوگىيەلىك، پسىخولوگىيەلىك، بىخەتەرلىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ئېھتىياجلار ياتىدۇ. ئىنسان بۇ ئېھتىياجلىرىنى ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىشتىن ئاجىز بولۇپ، ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى شەرت. بۇ ئالاقە تەبىئىي ھالدا بىر ئىجتىمائىي بىرلىك شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ ئىجتىمائىي بىرلىك ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئېھتىياج ۋە ھەمكارلىق تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن بۇ ئىجتىمائىي بىرلىك ئائىلە، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، قوشنىدارچىلىق، يۇرتلۇق، دىنداشلىق، مەزھەپداشلىق ۋە مىللەت قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرى ۋە تەبىئىي ئىرادىسى تۈرتكىسىدە شەكىللەندۈرگەن بۇ ئىجتىمائىي بىرلىكنى



**ئادىل ئەرئۇيغۇر**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى

E-mail: eweting @ gmail.com

ياكى تۇرمۇش شەكلىنى جامائەت ئۇقۇمى بىلەن ئىزاهلايدۇ. بۇ ماقالىدە بەزى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ بەرپاچىسى هېسابلىنىدىغان ئىبنى خەلدۇن ۋە بىر قىسىم غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ جامائەت هەققىدىكى ئېنىقلىمىلىرى، جامائەتنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى هەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى، جامائەت[1] بىلەن جەمئىيەتنىڭ پەرقلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ جامائەت هەققىدىكى قاراشلىرىغا قىسقىچە باها بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جامائەت، جەمئىيەت، ئاغزاكى كۇلتۇر، جەمئىيەتشۇناسلىق

**Abstract:** Human as a social being have to live together by their nature. While living together, they cannot meet their biological, psychological, security, social, economic and other kinds of needs on their own. For this to happen, they need to communicate and interact with other human beings. This communication and interaction naturally creates a social union. This social union is effective in meeting the needs of human. This social union formed as a result of needs and collaboration emerges in social groups such as family, kinship, neighborhood, union of religion, sectarian or national. Sociologists explain this social formation and lifestyle stemming from human's various needs and will with the notion of community. In this article Ibn-i Haldun's, accepted as the founder of sociology, and some Western sociologists' opinions, definitions and characteristics about community, the differences between community and society, and also their views with regard to community will be evaluated.

**Key words:** Community, Society, Verbal culture, Sociology

## كىرىش

جامائەت هادىسىسىنى تۇنجى بولۇپ ئۇقۇملاشتۇرغان كىشى بولسا سىر هېنرى سامىېر مېيىن بولۇپ، 1875-يىلى يازغان «شەرق ۋە غەرب يېزا جامائەتلىرى» كىتابىدا بۇ هەقتە توختىلىدۇ. تەپەككۇر تارىخىدا جەمئىيەتشۇناسلىققا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋە ياكى بۈگۈنكى نامى بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق هېسابلىنىدىغان بارلىق ئەقلىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۆتمۈشگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كوللېكتىپ هالەتتە بىر يەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئاساسلىق باش قاتتۇرىدىغان مەسىلىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئاساسلىق مەسىلىلەر دائىرىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش شەكلىنى تەسۋىرلەش ۋە ئىزاهلاش هەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ مۇهىم ئۇقۇم ۋە ئەڭ چوڭ بايقاش «جامائەت» ئۇقۇمىدۇر.[2]

يەلكەن[3] جامائەت هادىسىسىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇساپىلەردە پەرقلىق قۇرۇلمىلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جامائەت ئۇقۇمىنى قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس دىنامىك ئىبارىلەر ئىزاهلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جامائەت ئۇقۇمى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېڭى ئۇقۇم هېسابلىنىدۇ. لېكىن جامائەت تىپى تۇرمۇش شەكلىنىڭ بايانلىرىنىڭ ئىزلىرىنى بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ ئىنسانى «سىياسىي هايۋاندۇر» دەپ تەرىپلىشى ۋە ئىنساننىڭ هاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن تەبىئىي بىرلىك

ۋە ئىجتىمائىي گەۋدە شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى دېيىشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئارىستوتېل «ئائىلە»نى بۇ بىرلىكنىڭ تۇنجى باسقۇچى، «يېزا ۋە ناھىيە»نى ئىككىنچى باسقۇچ، ئائىلىلەر بىر يەرگە كېلىپ شەكىللەندۈرگەن يېزا ۋە ناھىيەلەردىن تەشكىل تاپقان شەھەر ۋە دۆلەتنى (پولىس) جامائەتنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى دەپ تەرىپلىگەن. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان پولىس بولسا ھاكىمىيەت مەنتىقىسى بويىچە تەشكىللەنگەن يۇرتداشلار جامائەتتىدۇر.[4]

جامائەت مەيلى كلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بولسۇن مەيلى زامانىۋى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بولسۇن، ئىزچىل مۇنازىرە قىلىنغان غول ئۇقۇملاردىن بىرىدۇر. جەمئىيەتشۇناس نىسبىتىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، جامائەت ئۇقۇمى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ «دەسلەپكى ئۇقۇملىرى ۋە چۈشەنچىلىرى» قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭمۇ يەن سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋاقتى، دەل ياۋروپادا تېرىقچىلىق جەمئىيىتىدىن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈش جەريانىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان ۋە ئۆتمۈشنىڭ جامائەتنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى ئاجىزلىشىۋاتقان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاقارتىش ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ئىجتىمائىي پەلسەپىچىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇش ياكى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا قايتىپ كېلىش ئېھتىمالى يوق دەپ قارىغان جامائەت مۇناسىۋەتلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ كۆللىرى ياكى قالدۇقلىرى ئۈستىگە ئەقىل، ئىلىم-پەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق يەنى شەخسنى ئاساس قىلىدىغان زامانىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. غەربتە ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن زامانىۋى جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان ئۆتكۈنچى مەزگىلدە تەرەققىياتقا، ئەقىلگە، تەبىئەتنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشقا، دوگماتىك ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان ئىنساننىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە مۇتلەق «ئەركىنلىكى»گە، زامانىۋىلىققا ۋ ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ دەپ قارالغان ئەنئەنىگە بولغان ئىشەنچ سۇسلاپ، دىنىي ئېتىقادنىڭ قۇدرىتىگە ئەمەس بىلىمنىڭ قۇدرىتىگە ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ زور دەرىجىدە ئاشقان.[5] ئەلۋەتتە سانائەت ۋە زامانىۋى جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن مۇتەپەككۇرلارمۇ چىققان بولۇپ، نىسبىت دەل بۇلاردىن بىرىدۇر. ئۇ جامائەتتە مۇھىم رول ئوينايدىغان دوستلۇق، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، سەممىيەت ۋە قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «دوستلۇق جەننەتتۇر، دوستسىزلىق دوزاخ، دوستلۇق ھاياتتۇر، دوستسىزلىق ئۆلۈمدۇر».[6]

ئادەتتە جامائەت ئۇقۇمى جەمئىيەتشۇناسلىقتا كۈندىلىك ئىستېمالىمىزدا بىز چۈشەنگەندىن ياكى ئىشلەتكەندىن پەرقلىق شەكىلدە چۈشىنىلىپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، جامائەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى ئائىلە، قوشنىدارچىلىق، يۇرتداشلىق، مەزھەبداشلىقتىن مىللەتكىچە بولغان كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1950-يىللاردا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە جامائەت ھەققىدە 94 ئېنىقلىمىنىڭ بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا شەرت-شارائىتلار ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن جامائەت ھەققىدە ئوخشىمىغان ئېنىقلىمىلار بېرىلىپ كۈچلۈك مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان. قىسقىسى، جامائەت تولىمۇ مەۋھۇم ۋە مۇجمەل ئۇقۇم بولۇپ، قەيەرگە تارتسا شۇ يەرگە سوزۇلىدىغان ئېلاستىكلىق بىر ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.[7]

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جامائەت دېسە تۇنجى بولۇپ ئەقلىمىزگە كېلىدىغىنى دىنىي جامائەتلەردۇر. لېكىن ئىجتىمائىي پەنچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى جامائەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماقالىدە جامائەتنىڭ دەل جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئىشلىتىلگەن مەنىسى ۋە دائىرىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

## 1. جامائەت ئۇقۇمى

جامائەت كەلىمىسىنىڭ يىلتىزى ئەرەبچە بولۇپ، يىغىلىش، بىر يەرگە كېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جەم»دىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە جامائەت كەلىمىسى مۇنداق ئىككى تەرىقىدە ئىزاھلىنىدىغان بولۇپ، بىرىنچىسى «مەلۇم مەقسەت ۋە نىشان ئۈچۈن توپلانغان كىشىلەر، كۆپچىلىك، خالايىق، ئامما» بولسا، ئىككىنچىسى «بىر ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناماز ئوقۇغان كىشىلەر»دۇر.[8] رايموند ۋىليامس جامائەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان«communit» كەلىمىسىنىڭ يىلتىزىنىڭ 14-ئەسىردە ئىنگلىزچەدە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىنگلىزچەدىكى« community» بولسا لاتىنچەدىكى « communis» (ئورتاق) دىن كېلىدۇ. ئىنگلىزچە ھەجىملىك لۇغەتلەردىن بولغان « Merriam-Webster » دا جامائەتكە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلىدۇ: «بىر يەرگە جەم بولغان ئىنسانلار توپى؛ مەلۇم بىر رايوندا ياشايدىغان ئورتاق مەنپەئەتى بولغان نوپۇس؛ ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ياكى مەنپەئەتلەرگە ئىگە بىرلىكتە ياشايدىغان بىر گۇرۇپپا ئىنسان؛ ئورتاق تارىخ ياكى ئورتاق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلەرگە ئىگە كىشى ياكى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان بىرلىكتۇر».[9] 16-ئەسىردە جامائەت ئۇقۇمى ئورتاق كىملىك ۋە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە «ئىجتىمائىي بىرلىك» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇ ئېنىقلىمىلاردىن شۇ يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ: ئىنسان يېگانە ياكى يەككە ھالەتتە ياشىسا مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ، ئىنسان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولالمايدۇ، كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلالمايدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى، ئېھتىياجلىرىنى ۋە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاجىزدۇر، بىختەرلىكىنى قوغدىيالمايدۇ. شۇڭا ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئېھتىياجىنى قامداش، قىيىنچىلىقلارنى ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، بىختەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم باشقا ئىنسانلار بىلەن بىر يەرگە كېلىپ بىرلىك شەكىللەندۈرۈشكە مەجبۇردۇر. يىغىنچاقلىغاندا، جامائەتنىڭ تېگىدە ئىنساننىڭ «ئاجىزلىقى» ياتىدىغان بولۇپ، بۇ «ئاجىزلىق»نى باشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىك شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق يەڭگىلى بولىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن سەھرا ياكى چۆللەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە پەقەت «ئەسەبىيەت»[10] ئىگىلىرىلا قادىر بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنى خەلدۇن «ئەسەبىيەت»نى ئەڭ ئاساسلىق ئىنسان گۇرۇپپىسى سۈپىتىدە كۆرگەن. ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، بىراۋ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بېشىغا بىرەر كۈلپەت كەلسە سۈكۈت قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇسى كېلىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى كۈچلۈك بولسا بىر-بىرىنى قوللاش، ياردەملىشىش ۋە قوغداش مايىللىقى بەكرەك كۈچلۈكتۇر. ئىبنى خەلدۇننىڭ قارىشىچە، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ سانى ئاشقانسېرى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاجىزلاپ «سۈنئىي بىر ئىشەنچ مۇناسىۋىتى»گە ئايلىنىدۇ. شەھەر ۋە شەھەرگە يېقىن رايونلاردا نەسەبلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەي ساپ ھالەتتە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ يەرلەردە قانداشلىقنىڭ بولۇپ بولماسلىقى ئەمەس، يېقىن مۇناسىۋەت ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئۇرۇق-

تۇغقاندارچىلىققا بولغان ئىشىنىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.[11] ئىبنى خەلدۇننىڭ ئەسەبىيەت ئۇقۇمىنى ئىشلەتكەندە ئىجتىمائىيلىقنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. «ئەسەبىيەت» بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىغا «بىز» ئېڭى سىڭدۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەشتۈرىدىغان ئامىلدۇر. «ئەسەبىيەت» ئۇقۇمى تونىيىسنىڭ «تەبىئىي-ماھىيەتلىك» ئىرادە ئۇقۇمىغا، «بەدەۋىيلىك» ئۇقۇمى بولسا سەھرانى تەمسىل قىلىدىغان «جامائەت» ئۇقۇمىغا ئوخشايدۇ.[12]

زامانىۋى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ غوللۇق يېتەكچىلىرىدىن بولغان سائىنت سىمون (Saint Simon)، كومت (Comte)، سپېنسېر (Spencer)، لى پلېي (Le Play)، توكۋىل (Tocqueville)، دۇركھېيىم (Durkheim)، ۋېبېر (Weber)، ماركس (Marx)، تونىيس (Tonnies) ۋە سىممېل (Simmel) قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەچىلىرى «جامائەتنى ھىمايە قىلىش كېرەك» دېگەن ئىدىيەگە بەكرەك مايىل بولدى. بۇلار ئۇتوپىيەلىك تەسەۋۋۇر تەرىقىسىدىكى بىر جامائەت جەمئىيەتشۇناسلىقنى ھىمايە قىلدى. جامائەت ئۇقۇمى بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىيەلىرىدە غول ئۇقۇملاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، سپېنسېرنىڭ « ھەربىي سانائەت جامائىتى»، كومتنىڭ «كونسېرۋاتىپ جامائەت» ، دۇركايمنىڭ « ئەخلاقىي جامائەت» ، لى پلېينىڭ «تەجرىبەچى جامائەت» ، ماركسنىڭ «سوتسىيالىزم جامائىتى» ، ۋېبېرنىڭ « راتسىيوناللىشىش» ، تونىيىسنىڭ « جامائەت ۋە جەمئىيەت» (Gemeinschaft - Gesellschaft)، سىممېلنىڭ«مولېكۇللار جامائىتى»[13] قاتارلىقلار ئاساسلىق نەزەرىيەلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە تونىيىس ئوتتۇرىغا قويغان «جامائەت-جەمئىيەت»نەزەرىيەسى، فرېينىڭ جامائەت نەزەرىيەسى، پارسونسنىڭ جەمئىيەت تىپلىرىنى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن «ئەندىزە ئۆزگىرىشى»نەزەرىيەسى، شۇنداقلا باۋمەننىڭ جامائەت ھەققىدىكى قاراشلىرى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە غۇلغۇلا قوزغاپ نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلارغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، جامائەت تىپلىرى ۋېبېر ئوتتۇرىغا قويغان «ئىدېئال تىپ»[14] مېتودى بويىچە كاتېگورىيەگە ئايرىلغان ۋە ئانالىز قىلىنغاندۇر.

زامانىۋى جامائەت جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان، جەمئىيەتشۇ-ناسلىقنىڭ بەرپاچىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان تارىخ پەلسەپەسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تۆھپە قوشقان مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر ئىبنى خەلدۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن بىرگە، دۇركايىم، ۋېبېر، سومبارت ۋە سىممېل قاتارلىق نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن نېمىس جەمئىيەتشۇناس فېردىناند تونىيىس (1855-1936) يازغان « جامائەت ۋە جەمئىيەت » (Gemeinschaft und Gesellschaf) ناملىق كىتابتا جامائەت ئۇقۇمى جەمئىيەت (society) كەلىمىسىنىڭ زىتى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتاب تونىيىسنىڭ ياۋروپانىڭ ئەنئەنىۋى دەۋردىن زامانىۋى دەۋرگە ئۆتۈش جەريانىنى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئۆزگىرىشلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزاھلىغان ئىككى سىستېمىلىق تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[15]

تونىيىس جامائەت ۋە جەمئىيەت ناملىق بۇ ئەسەرىدە جامائەت ۋە جەمئىيەتنى بىر-بىرىگە زىت قۇتۇپلار تەرىقىسىدە ئىزاھلىغان بولۇپ، كوللېكتىپ تەرىقىدىكى ھەمكارلىق ئېڭى كۈچلۈك ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات قويۇق بولغان غەيرى رەسمىي مۇناسىۋەت شەكلىگە جامائەت، سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەرنىڭ غەيرى شەخسىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە يەنى ھەمكارلىق كوللېكتىپ تەرىقىسىدە ئەمەس شەخسلەر تەرىقىسىدە بولغان، ھېسسىي بىتە-رەپلىك قويۇقراق بولغان رەسمىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە جەمئىيەت نامىنى بېرىدۇ. تونىيىس بۇ ئەسەردە كونكرېت ھالدا ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ

تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپ جامائەت بىرلىكلىرىدىن جامائەت مۇناسىۋەتلىرىگە، ئارقىدىن جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىگە، ئاخىرىدا بولسا جەمئىيەت بىرلىكلىرىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. [16] بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان بىرلەمچى مۇناسىۋەت شەكىللىرى بولسا قانداشلىق، يۇرتداشلىق، دوستلۇق، دىنداشلىق قاتارلىق تەبىئىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي بىرلىكلەردە بەكرەك ئومۇملاشقان ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدىغان مۇناسىۋەت شەكىللىرى بولۇپ، غەيرى رەسمىي ھېسابلىنىدۇ. ئىككىلەمچى مۇناسىۋەت شەكىللىرى بولسا ھېسسىياتنى ئەمەس قائىدە-پىرىنسىپلار ۋە كېلىشىملەرنى ئاساس قىلىدىغان رەسمىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

توننىيېسنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىككى ئاساسلىق شەكلى بار بولۇپ، بىرى جەمئىيەت يەنى بىر جامائەتتۇر. ھەر تۈرلۈك سەممىي، مەھرەم، «بىرگە تەۋە بولغان» ۋە بىرلىكتە ئورتاق ياشاش جامائەت ھاياتىدۇر. جامائەت سانائەتلىشىشقا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن جەمئىيەتنىڭ سۈنئىيلىك خاراكتېرىنىڭ ئەكسىچە، ئەزەلدىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ساھە ياكى ئورگانىك گەۋدىدۇر. جەمئىيەت بولسا ھېس-تۇيغۇلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ھەتتا يېتىم ھالەتكە دۇچار قىلىنىدىغان، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاسسىل قائىدە-پىرىنسىپ ۋە كېلىشىملەر بىلەن بەلگىلىنىدىغان مېخانىكىلىق گەۋدىدۇر. توننىيېسنىڭ نەزىرىدە جامائەت كونا، جەمئىيەت يېڭى ھادىسە بولۇپ، جامائەت مەۋجۇتلۇقىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي ۋە تەبىئىي ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە گەۋدە بولسا، جەمئىيەت ئۆتكۈنچى ۋە سۈنئىي ھايات شەكلىدۇر. ھەقىقىي بىرلىكنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۇ سەۋەبتىن جامائەتنىڭ مۇمكىن بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى قانداشلىق مۇناسىۋىتى، ئىككىنچىسى ماكانداشلىق، ئۈچىنچىسى بولسا ئىدىيەداشلىقتۇر. ھەر قانداق«داشلىق» ياكى «يېقىنلىق»نىڭ تېگىدە بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ يا ھەممىسىنى ياكى ئىككىسىنى ۋە ياكى بىرىنى بولسىمۇ تاپقىلى بولىدۇ.[17] ئىجتىمائىي كوللېكتىپ نۇقتىسىدىن بىر جامائەت ئائىلە، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، يۇرتلۇق، دىن، مەزھەب، دوست-يارەنلىك، جەمەت، نەسەب، مىللەت قاتارلىقلار باش رول ئوينايدىغان ئىجتىمائىي گەۋدە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. قىسقىسى، توننىيېس بۇلارنى يىغىنچاقلاپ «قانداشلىق جامائىتى»، «ماكان جامائىتى» ۋە «ئىدىيە جامائىتى» دېگەن تەرىقىدە كاتېگورىيەلەشتۈرىدۇ.

توننىيېس جامائەت ئۇقۇمىنى ئىزاھلىغاندا ئىرادە ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىدۇ. جامائەت ئورگانىك ئىرادىگە ئىگە بولغان ۋە ئاتا تەرەپتىن بولغان ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىققا ئوخشاش تەبىئىي قۇۋۋەتلەر بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ توپلۇقىدۇر[18]. توننىيېسنىڭ نەزىرىدە، بىر جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر يا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ياكى ئىنكار قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان مۇناسىۋەتلەر بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەر رېئال ۋە ئورگانىك ھاياتتا ئىپادىلەنسە دەل جامائەت تىپى ئىجتىمائىي فورما بولىدۇ. شۇڭا جامائەت ئەزالىرى ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن بىر-بىرىگە بەكرەك يېقىن بولىدۇ. ئەزالار ياخشى-يامان كۈنلەردە جامائەتكە سادىق بولىدۇ، چوڭلارغا ئىتائەت كۆرسىتىدۇ، جامائەتتە ئىنسانلار بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن رىشتىدە بولىدۇ. قانداشلىق، ئېتىقاد، ماكانداشلىق، ئىدىيە ۋە ئەنئەنە جامائەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان غول تاشلار بولغاچقا، بۇلارغا ئىسيان قىلىشقا بولمايدۇ. توننىيېس بارلىق جامائەتلەرنىڭ پىسخىكىلىق جەۋھەردىن شەكىللەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[19] شۇڭا توننىيېسنىڭ جامائەت ئېنىقلىمىسىدا پىسخىكىلىق ئامىللار

ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تونىنېس جامائەت ئېنىقلىمىسىنىڭ بۇ تەرىپىنى ئىنسان ئىرادىسى ئۇقۇمى بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئىنسانىي بولغان ھەر روھى ھالەتنى چۈشەنچىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بىلگىلى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىككى خىل ئىرادە بار بولۇپ، بىرىنچىسى، چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىرادە، ئىككىنچىسى ئىرادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چۈشەنچىدۇر. بۇلاردىن بىرىنچىسى ماھىيەتلىك (جەۋھەر ياكى تەبىئىي) ئىرادە دەپ ئاتالسا، ئىككىنچىسى ئەركىن ئىرادە دەپ ئاتىلىدۇ. ماھىيەتلىك ئىرادە دېگەندە ياقتۇرۇش، مايىل بولۇش، كۆنۈش، ئەسلەش ۋە خاتىرىلەش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدىغان ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلاتى سۈپىتىدىكى ئىرادە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن جامائەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئورتاق قان، ئورتاق ھېس-تۇيغۇ، ئورتاق ئېھتىياج (تىل ۋە ئائىلە باشقۇرۇش)،ئورتاق ماكان، ئورتاق سەنئەت ۋە ئېتىقاد قاتارلىقلارنى تەبىئىي ۋە ماھىيەتلىك ئىرادىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. تەبىئىي ۋە ماھىيەتلىك ئىرادە ئەقلىي بولمىغان ئىرادىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە ئېتىقادنىڭ بەكرەك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، جامائەتنىڭ مەقسىتىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن جامائەت ئەزالىرىنىڭ تاللاش يولىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى، سودا-سېتىق ۋە باشقا كوللېكتىپ ئىشلارنىڭ توختامغا ۋە ئەھدىنامىگە ۋە ياكى يازما قائىدە-پرىنسىپلارغا ئەمەس، ئاغزاكى گەپلەرگە تايىنىدىغانلىقىنى، مۇناسىۋەت شەكىللىرىنىڭ بىرلەمچى مۇناسىۋەتنى يەنى ھېس-تۇيغۇنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جامائەت تامامەن تەبىئىي ئورگانىزم بولۇپ، بۇ ئورگانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە شەخسلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق، شەخسلەر تەبىئىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ھەمكارلىقنىڭ، رېتىملىق ۋە ئۆز-ئارا تەسىرلىرى بولغان بىر ئىجتىمائىي بەدەنىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئىرادىلىرى، پوزىتسىيەسى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئوخشاشلىقلار بار، چۈنكى بۇ يەردە شەخس ئىرادىسى جامائەت ئىرادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆرۈنمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ.[20]

مەيلى جامائەت بولسۇن مەيلى جەمئىيەت بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوخشىمىغان مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تونىنېسنىڭ قارىشىچە، جامائەت ھەقىقىي ئورگانىك ھاياتقا ۋە مۇستەھكەم بىرلىكتە ياشاش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان ئۆز ئىچىدە ياشايدىغان ئورگانىزم بولسا، جەمئىيەت زېھنىدىكى ياكى تەسەۋۋۇردىكى مېخانىكىلىق قۇرۇلما بولۇپ، مېخانىكىلىق ھالدا بىر گەۋدىلەشكەن سۈنئىي ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[21] جامائەت ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن ئاساس ھېسابلىنىدىغان تەبىئىي ۋە مېخانىكىلىق ياكى راتسىيونال مۇھىتلار ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇت. ئۇ جامائەتنى تەبىئىي گەۋدە دەپ قارايدۇ. شۇڭا جامائەتنىڭ مەخسۇس پەيدا قىلىنىشىغا كېرەك يوق بولۇپ، جامائەت ئىنسان ئىرادىسىنىڭ كەم-كۈتىسىز بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، تونىنېس جامائەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ.

جامائەت زامانىۋى جەمئىيەتتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ روشەن شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تونىنېسنىڭ قارىشىچە، كۆچلۈك جامائەت شەكلى بولسا «ئائىلە»دۇر، ئۇ زامانىۋى جەمئىيەتتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئائىلىدىكى ئىللىقلىققا ئوخشىتىدۇ. مەيلى ئائىلىدىكى قانداشلىق بولسۇن، مەيلى يېزا-سەھرالاردىكى يەر-زېمىنغا بېقىنغان، قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق رىشتىسى بولسۇن، «جامائەت شەكىللىرى»نىڭ ھەممىسى ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن كۆچلۈك ئورۇنغا ئىگىدۇر. تونىنېسنىڭ جامائەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ،

بۇنىڭغا ئائىلە، يېزا-سەھرا، شەھەر ۋە مىللەت قاتارلىقلار كىرىدۇ. سانائەت تىپى جەمئىيەت شەكىللىرى تەرەققىي قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەنسېرى، ئەنئەنىۋى جامائەت تىپلىرى ئاجىزلايدۇ، جامائەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىللىقلىق ۋە سەمىمىيەت سۇسلاپ، بۇنىڭ ئورنىغا ئەقلىي ۋە رەسمىي مۇناسىۋەتلەر دەسسەيدۇ.[22] دەل مۇشۇ مەزگىلدە جەمئىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

جامائەت تىپىدىكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرگەن ئىرادە (تەبىئىي-ماھىيەتلىك ئىرادە) ئىنسانىي ھەرىكەتتۇر. زامانىۋى جەمئىيەت ۋە شەھەر پىكىر، مەنپەئەت ۋە ئەھدە-توختام ئاساسىدىكى ئەقلىي ئىرادىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە شەكىللىنىدۇ. جەمئىيەتتە شەخسلەر بىر-بىرلىرىگە يات بولۇپ، مۇستەقىلدۇر. بۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەر جامائەتتە بولغىنىدەك بىرلەمچى، ئەنئەنىۋى، تەبىئىي، سەممىي ۋە ئىللىق بولماستىن، ئىككىلەمچى، بىرىكمىلىك، توقۇلغان ۋە ئەقلىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان.[23] جامائەتتە ئىنسانلار ھەر قانداق ئايرىلىشلارنىڭ ئەكسىچە بىر-بىرلىرىگە بېقىندى بولسا، جەمئىيەتتە ھەر قانداق بېقىندىلىقنىڭ ئەكسىچە ئىنسانلار مۇستەقىل ۋە ئايرىمدۇر.[24]

قىسقىسى، توننىيېسنىڭ جامائەت ئۇقۇمى ئىلىم-پەن، شەھەر تۇرمۇشى، زامانىۋى ھايات ۋە ئەقلىيلىششىنىڭ ئەكسىچە، يېزا-قىشلاق، ناھىيە تۇرمۇشى ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسەتسە، جەمئىيەت ئۇقۇمى ئەقىل ۋە ئىلىم-پەن ئومۇملاشقان، سانائەتنى ئاساس قىلىدىغان سېكۇلار دۇنيا ۋە زامانىۋىلىق شەكىللەندۇرگەن جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. توننىيېسنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت يات بىر يۇرتقا ئوخشايدۇ، ئىنسان مىڭلارچە يىل ياشىغان ماكانىدىن ئايرىلىپ ياقا-يۇرتتا سەرگەردان ھاياتىدا ياشايدۇ. چۈنكى جەمئىيەت تەبىئىيلىكتىن، سەممىيەتتىن، ئىللىقلىقتىن يىراقتۇر.

تونىيېس جامائەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇ-رىسىدىكى پەرقلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: جامائەتتە ئورتاق ئىرادە، جەمئىيەتتە شەخسىي ئىرادە، جامائەتتە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى باشتا، جەمئىيەتتە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتى باشتا كېلىدۇ، جامائەتتە ئەزالارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى[25] يوق، جەمئىيەتتە ئەزالارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى بار، جامائەتتە ئېتىقاد مۇھىم ئورۇندا تۇرسا، جەمئىيەتتە ئىدىيە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، جامائەتتە ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر مۇھىم بولسا، جەمئىيەتتە مودا، ئۆتكۈنچى تاللاشلار ۋە زوقلار مۇھىمدۇر. جامائەتتە دىن مۇھىم بولسا جەمئىيەتتە ئومۇمىي خاھىش مۇھىمدۇر، جامائەتتە تەبىئىي ھەمكارلىق گەۋدىلەنسە، جەمئىيەتتە كېلىشىمنى ئاساس قىلىدىغان ھەمكارلىق ۋە سودا گەۋدىلىكتۇر، جامائەتتە كوللېكتىپ مۈلۈك مۇھىم بولسا، جەمئىيەتتە خۇسۇسىي مۈلۈك مۇھىمدۇر.[26] ھوببېس ۋە رۇسسو دېگەندەك، جەمئىيەت «ئىجتىمائىي كېلىشىم»نىڭ مەھسۇلىدۇر.

كۇرتھان ۋە ماك ئىۋېر پاگى بىر گۇرۇپپىنىڭ جامائەت بولۇشى ئۈچۈن، ماكان بىلەن جامائەت تۇيغۇسىنىڭ زۆرۈر ئىككى ئامىل ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشىدۇ.[27] ئوخشاشلا كوللېيمۇ ھەر ئىنساننىڭ بىر ئىجتىمائىي توپلۇققا تەبىئىي ھالدا يېقىنچىلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى دەيدۇ. ئۇ جامائەتنىڭ جەۋھىرىنىڭ «ماكان» ۋە «جامائەت تۇيغۇسى»ئىكەنلىكىنى، جامائەتنىڭ داۋاملىق بىر ماكان ئەتراپىدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.[28]

ت. بېندىېر جامائەتنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «جامائەت ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ۋە ھېسسىي رىشتىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدۇر». بېندىېر «مۇناسىۋەت تورى» ئىبارىسى ئارقىلىق جامائەت ھادىسىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئاكتىپ ۋە فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ. نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس پارسونسنىڭ قارىشىچە، جامائەت ھايات ۋە مەنپەئەتلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك

بولغان ۋە دائىرىسى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بىر ساھەدىكى «كۆچلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى»دۇر. جەمئىيەتشۇناس كوللىپى جامائەتنىڭ كۆپ فۇنكسىيەلىك بولۇش بىلەن بىرگە، «تىپىك بىرلەمچى گۇرۇپپىلار» دەپ ئاتايدۇ. جۇغراپىيەلىك ماكاننىڭ چەكلىك بولۇشمۇ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس ۋېبېر جامائەتنى «ھېسسىي ۋە ئەنئەنىۋى ھەرىكەت شەكلىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى كىملىك ۋە مەنسۇبىيەتتۇر» ۋە «ھەر دەۋردە پەرقلىق رەڭلەرگە كىرىدىغان، ئوخشاش ماكان ۋە ئوخشاش زاماندا بىر قانچە رەڭگە كىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر»[29] دېگەن تەرىقىدە ئىزاھلىغان. «ھېسسىي، سەزگۈ ياكى ئەنئەنىۋى ئاساسلار» جامائەتتىكى مۇناسىۋەت شەكىللىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە، دىنىي جامائەتلەر، مىللىي مەنسۇبىيەتلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.[30]

رايموند ۋىلىيامسىنىڭ قارىشىچە، جامائەت «ئىللىقلىق ۋە ئىجابىي تەسىرلەر»پەيدا قىلىدىغان ئۇقۇمدۇر. فرېيىنىڭ قارىشىچە، جامائەت ئورتاق بىر تەقدىرنى ھەمبەھىرلەشكەن، «بىز» تۇيغۇسىغا ئىگە ۋە ئورتاق كۈلتۈر دۇنياسى شەكىللەندۈرۈپ، ئوخشاشلىق ۋە ئورتاقلىق ئەتراپىدا بىرلەشكەن ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. جامائەت ئوخشاش سەپتە بولغان، بىر-بىرلىرى ئۈچۈن يات ياكى ئۆزگىلەر ئەمەس، ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ۋارىيانتى بولغان ۋە بىر-بىرلىرىگە ئورتاق مەنپەئەتلىرى تەرىپىدىن باغلانغانلار شەكىللەندۈرگەن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقتۇر.[31]

نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلاردىن باۋمەننىڭ قارىشىچە، جامائەت «ئىللىق»مۇھىت بولۇپ، ھۇزۇر ۋە يېقىنلىق ماكانىدۇر، ئۇ جامائەتنى شاقراپ ياغقان يامغۇردىن پاناھلىنىلىدىغان دالدا، قەھرىتان سوغۇقتا ئەتراپىدىن كەتكۈسى كەلمەيدىغان ئىسسىق مەشكە ئوخشايدۇ. سىرتتا تۈرلۈك خەتەر ۋە تۇزاق بار، سىرتقا چىقىلغاندا بىراۋنىڭ خەتەر ئاستىدا بولۇشى، كىم بىلەن ئالاقە قىلىپ كىم بىلەن جېدەللىشىپ قېلىشىغا دىققەت قىلىشى، قىسقىسى ھەر سېكۇنت ۋە مىنۇتتا ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك. بىراۋ جامائەت ئىچىدىكى ۋاقتىدا ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بىخەتەر ھېس قىلىدۇ، بۇ يەردە سىرتتىكىگە ئوخشاش خەتەرلەر ۋە تۇزاقلار يوقتۇر.[32]

باۋمەننىڭ جامائەت تەسۋىرى مۇنداق: « بىر جامائەتتە بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ياخشى نىيىتىگە ئىشەنچ قىلالايمىز. ئەگەر بىرىمىز يىقىلىپ چۈشۈپ كەتسەك، باشقىلار ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھېچكىم بىزنىڭ ئەقىلسىزلىقىمىزنى مەسخىرە قىلمايدۇ، بەختسىزلىكىمىزدىن ھېچكىم خۇشال بولمايدۇ. ئەگەر بىز خاتا قەدەم باسساق ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىقرار قىلالايمىز ، چۈشەندۈرەلەيمىز ، كەچۈرۈم سورايمىز ۋە تەۋبە قىلالايمىز. بىر-بىرىمىزنىڭ خاتالىقلىرىنى توغرا چۈشىنىمىز، ئوخشاش خاتالىقنى تەكرار تەكرار سادىر قىلساقمۇ، ھەتتا ئەجەللىك خاتالىق سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ ھامان بىر كۈنى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز، ۋاقتىنچە قېيداشساقمۇ كېيىنچە ئەپلىشىپ قالىمىز. ھېچكىم بىزگە مەڭگۈ ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. ئارىمىزدىن بىر-بىرىدىن قاتتىق نەپرەت قىلىدىغان، بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئورا كولايدىغانلار چىقىدۇ، لېكىن بۇنداقلارمۇ ئىچىمىزدە ياشاپ كېتىۋېرەلەيدۇ. قايغۇلۇق پەيتلىرىمىزدە ھەمىشە قولىمىزنى تۇتىدىغان ئادەم بولىدۇ. جامائەتتىن بىرى قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە ۋە بىزگە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇ بىزگە كېپىللىك بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار بىزدىن قاچان ۋە قانداق قايتۇرىدىغانلىقىمىزنى ئەمەس، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى سورايدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئارىمىزدىن بىرى ياردەم تەلەپ قىلغاندا ھېچكىم ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىم يوق دېيەلمەيدۇ، ئارىمىزدا ئۇلارنى بۇنىڭغا مەجبۇر

قىلىدىغان كېلىشىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ياكى كېلىشىمدىكى كىچىك يازمىلارنى توغرا ئوقۇشتىن ئاجىز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە ياردەم قىلىشنى رەت قىلالمايدۇ. كۆپ ئىشلار ئاغزاكى بولىدۇ، ۋەزىيىمىز بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلىشتۇر، باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى، باشقىلاردىن ياردەم كۈتۈشنى ھەققىمىز دەپ قارايمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا قائىدە-پرىنسىپ، قەدرىيەت، ھەق-ھوقۇقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىر-بىرىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلىمىز.»[33]

باۋمەن جامائەتنىڭ كونسېرۋاتىپ ئالاھىدىلىكىنى سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ھايات خالامسەن؟ ئۇنداقتا ئەركىنلىكىڭدىن ياكى كۆپ قىسمىدىن ۋاز كېچىسەن، ئىتائەت ۋە ساداقەتمەن بولىسەن، ئەتراپىڭدا بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەر ۋە جامائەت ئەزالىرىدىن گۇمانلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى جامائەت خاتىرجەم ۋە بىخەتەر جاي، شۇنداقلا جامائەت ئەزالىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا جامائەت چەمبىرىكىدە تىرىكچىلىك قىلىسەن، بىرىگە ئىشىنىشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا جامائەتنىڭ سىرتىدىكى «يات ۋە ئۆزگىلەرگە»ئىشەنمە، پەقەت جامائەت ئىچىدىكىلەرگە ئىشەنگىن، ھەر قانداق بىر نەرسىنى بىلىشنى ياكى ئۇ نەرسە ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىشنى ۋە ياكى قىزىقىشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا بۇلار ھەققىدە جامائەتتە «يېتەرلىك ۋە ئىشەنچلىك ئىلىم، مەلۇمات ۋە ماتېرىيال»مەۋجۇت، «سىرتتىكىلەر»گە مۇراجىئەت قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، «توغرا» يولدا مېڭىشنى خالامسەن؟ يېگانە «توغرا» يول، ئادالەت ۋە ئادىللىق جامەئەتتە، باشقا يەردىن ئىزدەشنىڭ كېرىكى يوق.»[34]باۋمەننىڭ بۇ قارىشىنى تېخىمۇ كېڭەيتسەك مۇنۇلارنى دېگىلى بولۇشى مۇمكىن: بىرەر مەسىلىگە ياكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ياكى بىرەر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە ۋەياكى جامائەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار ياكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنىشى كۈتۈلۈپ تۇرغاندا، جامائەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى ئەمەس جامائەتنىڭ بېشىدىكى ياكى ساناقلىقلا كىشىلەر بۇلارغا كۆڭۈل بۆلسە يېتەرلىك، باشقىلار ئۇلارغا ئەگەشسىلا بولىدۇ.

سېننېت جامائەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دادىللىق بىلەن جاكارلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان كوللېكتىپ كىملىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جامائەتتە بىر سوئالنىڭ جاۋابى جامائەت ئىچىدىن يەنى جامائەت «دۇنياسى»دىن ئىزدىلىدۇ. جامائەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ھەقىقىي دۇنيا ئۆزى تۇرۇۋاتقان جامائەت بولۇپ، كاللىسىدا باشقا بىر «خىيالىي» دۇنيا يوق. ئۇنىڭ قارىشىچە، جامائەت كىملىكى «ئۇرۇش ياكى تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ ھاياتى خەتەر ئاستىغا كىرىپ قالغاندا شەكىللىنىدۇ». خېيىم-خەتەرلەرگە ئۆز ئالدىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمەيدىغان كىشىلەر، ئۆزلىرىگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ كويىغا كىرىدۇ، ئورتاق ھەرىكەت نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ بىرلىك «كوللېكتىپ مەن»تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى جامائەتنىڭ شەكىللىنىشىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن ئەڭ ئاز ئىككى گۇرۇپپىغا ئېھتىياج بار. ئورتاق دۈشمەن جامائەت مەنسۇبلىرى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق رىشتىسى شەكىللەندۈرىدۇ. جامائەت تۇيغۇسى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئۆزگىلەرنى چەتكە قېقىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئوخشىماسلىق ئومۇمەن بۇنداق جامائەتلەردە كۆرۈلمەيدۇ. ھەقىقىي ياكى خىيالىي دۈشمەن پەيدا قىلىنىدۇ.[35]

جامائەت توغرۇلۇق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېنىقلىملارنى تۆۋەندىكىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. جامائەت يەر ياكى ماكانغا ئاساسەن ھەجمى پەرقلىق بولغان، مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك رايونغا

ئۇلتۇراقلاشقان، ئوخشاش كۈلتۈرگە مەنسۇپ، ئورتۇرىسىدا ئۆرۈپ-ئادەت ئورتاقلىقى، مەنىۋى ھەمكارلىقتا ئوخشاش كۈچلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن ئورگانىك ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. 2. مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك ماكانغا ئولتۇراقلاشقان، ئۆي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇ، ئىش-ھەرىكەتتە ئوخشاشلىق بولغان، ئورتۇرىسىدا ئۆرۈپ-ئادەتداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان گۇرۇپپىدۇر. 3.مەلۇم بىر ماكاندا ياشايدىغان ۋە بىر كۈلتۈرگە مەنسۇپ شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان ھەر خىل ھەجىمدىكى ئىنسان توپلۇقىدۇر. 4. ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن رىشتىسى بولغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر يۈز-تۇرانە بولىدىغان، يۇقىرى سەۋىيەدە بىر گەۋدىلەشكەن ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. 5. جەمئىيەت ئۇقۇمىنىڭ زىتى بولغان، يۇقىرى سەۋىيەدە بىر گەۋدىلەشكەن، بىرىنچى دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتلەر يەنى غەيرى رەسمىي مۇناسىۋەتلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەنئەنە، ئادەت قويۇق بولغان، ئەزالار ئوتتۇرىسىدا پەرقتىن بەكرەك ئوخشاشلىق گەۋدىلىك بولىدىغان بىكىنمە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. 6. ئەزالىرى ئىجتىمائىي تەسىرلەر تۈرتكىسىدە ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىدۇر. 7. مەلۇم بىر ماكاندا جەريان قىلىدىغان كۈلتۈر ھادىسىسى بولۇپ، مەلۇم بىر يەردە ياشايدىغان ۋە ئۆز-ئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئىچىدە ھايات كەچۈرىدىغان ئىنسان نوپۇسىدۇر. 8. جامائەت بىخەتەر، ئىللىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان مۇھىتتۇر. 9. جامائەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆزگىلەر ۋە دۈشمەننى شەرت قىلىدۇ.

قىسقىسى جامائەت ئۇقۇمى بىر يېزا، بىر دىنىي گۇرۇپپا، بىر شەھەر، بىر قەبىلە ياكى بىر مىللەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. جامائەت ئەزالىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار بولۇپ، بۇلار «قان ئوخشاشلىقى»، «ئىدىيە ئوخشاشلىقى»، «تۇيغۇ ئوخشاشلىقى»،«تەقدىر ئوخشاشلىقى»، «كۈلتۈر ئوخشاشلىقى» ۋە «ئەنئەنە ئوخشاشلىقى»دىن ئىبارەت. شەخسلەرنى بىر يەرگە باغلاپ تۇرىدىغان، جامائەت ئىچىدىن بىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىسا باشقا ئەزالىرىنى ئۇنى قوغداشقا ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان، خۇشاللىنارلىق بىر ئەھۋال كۆرۈلسە بىرلىكتە خۇشال بولىدىغان تۇيغۇ دەل جامائەتنىڭ ئورتاق تۇيغۇدۇر.

## 2. جامائەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

بىر جامائەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بىراۋنىڭ شەخسىي ھاياتىنى تامامەن جامائەت ئىچىدە ياشىيالايدىغان بولۇشىدۇر. بىراۋ جامائەتتىكى دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، ئەمەلدار، ئىشچى ياكى باشقا كەسىپتىكىلەر بىلەن ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تونۇشىدۇ ياكى تونۇشىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ،چۈنكى بىراۋ ئۇلار بىلەن قان، ئىدىيە، ماكان، ئېتىقاد ۋە باشقا «داشلىق» ياكى «ئوخشاشلىق ياكى ئورتاق» ئامىللار بىلەن باغلانغانلىقتىن، ھېسسىي جەھەتتىن يېقىنلىق ھېس قىلىپ ئالاقە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى مۇشۇ ئاڭ بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە بىراۋ ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى بىر شىركەت، كارخانا ياكى دىنىي جامائەت ئىچىدە ياشاپ بولالمايدۇ، بۇ ياشاش ساھەسى بىراۋنىڭ بارلىق ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن بىر مىللەتتە ياكى شەھەردە بىراۋ ھاياتىنىڭ ھەممىسىنى ياشىيالايدۇ. بىراۋ بۇ ئىجتىمائىي گەۋدىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. بىراۋنىڭ شەخسىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىش ھەقىقەتەن تەس بولۇپ، جامائەت ئىنسانغا

نىسبەتەن قەيەرگىچە شەخسىي ھايات، قەيەردىن باشلاپ كوللېكتىپ ھايات؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشنى مۇمكىن قىلمايدىغان دەرىجىدە پائال ۋە مۇھاسىرە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. ئىنساننىڭ شەخسىي ھاياتى بىلەن كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ پاسىللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئىجتىمائىي گەۋدە، ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇاللىقى ۋە كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ھەر ۋاقىت مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى ناتايىن بولۇپ، بەزى جامائەت ئەزالىرىدا باشقىلارغا تايىنىش ۋە ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈش خاھىشى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆزىنىڭ كۈچىدىن بەكرەك باشقىلارنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ. جامائەتتىكى تونۇش-بىلىش مۇناسىۋەتى بىراۋغا خاتىرجەملىك، ئىللىقلىق، سەممىيەت ۋە بىخەتەرلىك ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە،بىراۋنىڭ نۇرغۇن ئىشنى ئاسان قىلىدۇ. لېكىن بۇ مۇناسىۋەت شەكلى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، دوست-يارەنلىك، مەكتەپداشلىق، يۇرتداشلىق، مەزھەبداشلىق، مەھەللىداشلىق، قوشنىدارچىلىق قاتارلىق يېقىنلىق ۋە «داشلىق» مۇناسىۋەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا سۈپەت،ئۆلچەم،قابىلىيەت،تەرەققىيات، لاياقەت، ئادالەت قاتارلىق ئىنساننىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان قەدرىيەتلەرنىڭ ئومۇملىششىغا مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ مۇناسىۋەت شەكلىدە جامائەتتە نەتىجە ياراتقان بىلەن يارىتالمىغانلارنى، لاياقەتلىكلەر بىلەن لاياقەتسىزلەرنى ئايرىش تەسكە توختايدۇ، نەتىجە ۋە لاياقەتتىن بەكرەك ئىنائەت ۋە ساداقەت ئىشقا يارايدۇ. قىسقىسى، جامائەت بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى جامائەتتە بىراۋنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورۇن ئېلىشىدۇر.[36]

جامائەتتە ماكان ئاملى مۇھىمدۇر، لېكىن ماكان ئاملى جامائەتنىڭ نوپۇس ھەجمىنى بەلگىلەشتە بىردىنبىر ئامىل ھېسابلانمايدۇ. بۇ جامائەتنىڭ كۆچمەن ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن-مەيلى جامائەت بولسۇن مەيلى جەمئىيەت بولسۇن- نەزەرگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتا بولسا ئىجتىمائىي شەكىلنىڭ كۇلتۇر ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. ئىنسان گۇرۇپپىلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ گۇرۇپپىلارنىڭ كۇلتۇر ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش كېرەك، چۈنكى ئىنسان گۇرۇپپىلىرى ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىدىغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، قەدرىيەتلەر (قىممەت قاراش) ۋە ئېتىقاد بىرلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مەيلى زېمىن بولسۇن، مەيلى بىر مەملىكەتكە ساداقەتمەنلىك بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ تەسەۋۋۇرغا تايىنىدۇ. جامائەتنىڭ يەنە بىر تىپىك ئالاھىدىلىكى بولسا مەنپەئەتتى بىر بولغان ئەزالاردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلما بولۇشىدۇر. چۈنكى جامائەتتە ئەزالارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەنپەئەتى جامائەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن زور دەرىجىدە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

جامائەتنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى بولغان ھەمكارلىق روھى، چۈشەنچە ۋە ھېس-تۇيغۇدىن سىرت ئىقتىسادىي ساھەدىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ھەمكارلىق روھى ئەنئەنە، دىن، ئۆرپ-ئادەتكە ئوخشاش ئامىللاردىن ئۇزۇق ئالىدۇ، جامائەت ئەزاسى بۇ ئامىللار شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي نىزام ۋە قائىدىلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇلار ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشتەك ھوقۇقى ياكى سالاھىيىتى ئاساسەن بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي كونترول كۈچى بولىدۇ. جامائەتتە ئەزالارنىڭ ئوخشاش دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئورتاقلىشىش ۋە ئۆز-ئارا بىر-بىرىدىن خەۋەردار بولۇش قاتارلىق ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىقتىن «بىز ئېڭى» شەكىللىنىدۇ. «بىز» دېيىلگەندە «مەن»لەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشى بولماستىن بىرلىكتە ئورتاق ھەرىكەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردىكى بىرلىك ياشاش ۋە

ئويلاشنىڭ جامائەتنىڭ سىرتىدىكى ئۆزگىلەردىن پەرقلىق بولۇشىنى ۋە ئايرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، جامائەتتە جەمئىيەتتىكى «مەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق» ئېڭىنىڭ ئەكسىچە «بىز ئېڭى» كۈچلۈكتۇر، بۇ قاراشنى ياقلايدىغان جەمئىيەتشۇناسلار «بىز» ۋە «مەن» ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ جامائەت ـ جەمئىيەت پەرقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. جامائەت ھەر ۋاقىت «بىز» دەيدۇ. ئۇلار ھەر ھادىسىنى «بىز»ئېڭى بىلەن چۈشىنىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. جامائەت ھاياتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كۆپىنچە ئەزالىرىغا گۇرۇپپا ئىچى پوزىتسىيە، گۇرۇپپا پىسخىكىسى، كوللېكتىپ روھى ياكى «بىز»تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.[37] بۇ يەردىكى «بىز»تۇيغۇسى بولسا «باشقىلار نېمە دەپ قالار»دېگەن تۇرمۇش چۈشەنچىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئاغزاكى كۇلتۇر: بۇ كۇلتۇر شەكلى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. جامائەتتە يازما يەنى قەلەمدىن بەكرەك ئېغىزنىڭ يەنى سۆزلەرنىڭ كۈچى بولىدۇ. شۇڭا يېزىش ئارقىلىق ئويلاشنىڭ ئورنىغا سۆزلەر ۋە ئېغىزلار بەكرەك پائالدۇر، نۇرغۇن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەر ئېغىزدىكى سۆزلەر بىلەن چەكلىنىدۇ، قەلەم بىلەن ئەمەس پەقەت سۆز بىلەنلا دىئالوگ قىلىدۇ، تارىخىي خاتىرىلەر قەلەم بىلەن ئەمەس ئېغىز يەنى ئاغزاكى شەكىلدە خاتىرىلىنىدۇ. جامائەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە قانۇنلىرى رەسمىي بولۇشتىن بەكرەك غەيرى رەسمىي بولىدۇ، يەنى يازما شەكىلدە بولمىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا جامائەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەدىلەر ۋە كېلىشىملەر توختامدىن بەكرەك ئاغزاكى سۆزلەر بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ. تەپەككۇر قەلەم بىلەن بولمىغاچقا مەسىلىلەرنى ئانالىتىك،كاتېگورىيەلەشتۈرۈش ۋە ئابستراكت ئويلاش ئومۇملاشمايدۇ. مەلۇم بىر ۋەقە ـ ھادىسە، مەسىلە ياكى ئۇقۇمغا ئانالىتىك قاراپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇ ھادىسە، مەسىلە ۋە ئۇقۇمغا سىرتتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. جامائەت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئويلاش تەسرەك بولىدۇ. جامائەتتىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، ئىلىملىك، دانىشمەن بولغىلى بولىدۇ، ھېكمەتلىك گەپلەر، نەسىھەت خاراكتېرلىك ۋە بولۇشقا تېگىشلىك قائىدە ـ پرىنسىپلار كۆپ سۆزلىنىدۇ.

ئاغزاكى كۇلتۇرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پىسخولوگلىرىدىن ئالېكساندېر لۇرىيانىڭ 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ بەزى چەت رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىغا قاراپ چىقىش پايدىلىق. بۇ تەتقىقاتتا تەتقىقات ئوبيېكتلىرىدىن چەمبەر، تىكتۆت بۇلۇڭ، ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشاش ئابستراكت ۋە كاتېگورىيەلىك ناملار سورىلىدۇ. ئالېكساندېر بۇ شەكىللەرنى تەتقىقات ئوبيېكتلىرىغا كۆرسەتكەندە، ئۇلار چەمبەرنى تەخسىگە، چاققا ئوخشايدىكەن دېگەن. تىكتۆت بۇلۇڭنى بولسا دېرىزىگە ئوخشايدىكەن دېگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئويلاش شەكلى فۇنكسىيەلىك يەنى شارائىتنى ئاساس قىلىدۇ. ئالېكساندېر تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ ئالدىغا بولقا، ھەرە، پالتا ۋە كۆتەك قويۇپ ئۇلارنى كاتېگورىيە بويىچە ئايرىشنى تەلەپ قىلغان، ئادەتتە سايمان ھېسابلىنىدىغان بولقا، ھەرە ۋە پالتا بىر يەرگە تىزىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن تەتقىقات ئوبيېكتلىرى بۇ نەرسىلەرگە ئىشقا يارايدىغان ياكى يارىمايدىغان نەرسىلەر دەپ قارىغاچقا بۇنداق قىلمىغان، يەنى كۆتەكنى بولقا، پالتا قاتارلىق نەرسىلەردىن پەرقلىق دەپ ئويلىمىغان. چۈنكى كۆتەك باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئىشقا يارايتتى. كۆتەك بولمىسا سايمانلار نېمىگە يارىسۇن؟ دەپ ئويلىغان. ۋەقە ـ ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەر ھەققىدە كونكرېت ئېنىقلىما بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن، دەرەخ دېگەن نېمە دەپ سورالغاندا، دەرەخ دەرەختۇر، دەرەخ دېگەننى ھەممە ئادەم

بىلىدۇ، مېنىڭ دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن جاۋاب بېرىلگەن. شۇڭا جامائەتتە قامۇس ياكى ئېنسىكلوپېدىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ. جامائەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادە قىلىشى ۋە ئۆزى ھەققىدىكى باھاسى يېتەرلىك ئەمەس. جامائەت ئىنسانلىرىدىن كىم ھەققىدە سورالغاندا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئىپادىلەشتىن بەكرەك، ئۆزى تەۋە بولغان ئائىلە، جەمەت ياكى باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ھەققىدە بەكرەك مەلۇمات بېرىدۇ. مەلۇم بىر نەرسە ھەققىدە كۆز قارىشى سورالغاندا ئۆز كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشتىن بەكرەك ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ يەنى كوللېكتىپنىڭ قارىشىنى سۆزلەيدۇ. جامائەتتە ئىنساننىڭ بەش سېزىم ئەزالىرى ئىچىدە قۇلاق ۋە ئېغىز ئەڭ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئاڭلاش ۋە سۆزلەشنى ئاساس قىلغان سېزىملار بەكرەك تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا جامائەتتىكى ئالاقە ئورنىتىش ئىنسانلارنىڭ سۆزلەش (ئېغىز) ۋە ئاڭلاش (قۇلاق) شەكلىدە بولىدۇ. ئەڭ كۆپ گەپ قىلالىغان ئىنسان ئىلىملىك ئىنسان، گەپ ئاڭلايدىغان بىرى بولسا ئەخلاقلىق ۋە قۇلىقى يۇمشاق ئىنسان بولىدۇ. جامائەتتە ئىنساننىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە خاتىرىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك، خاتىرىسى ياخشى بولغان ئىنسان ئىلىملىك ئىنسان دەپ قارىلىدۇ. مەسىلىلەرنى ئانالىتىك تەھلىل قىلىپ مەسىلىگە قارىتا چارە تاپقان ئىنساندىن بەكرەك ناتىق ئىنسان بەكرەك ئېتىبار كۆرىدۇ.[38]

ئابستراكت تەپەككۇر كۈچلۈك تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن ئۇقۇملار ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىنماستىن، شەخسلەر ھەققىدە بەكرەك مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى شەخسلەرنىڭ گېپى بەكرەك بولىدۇ. شۇڭا تەنقىدلەر پىكىر، ئۇقۇمغا ئەمەس شەخسلەرگە بولىدۇ. ئۇقۇملار مۇنازىرە قىلىنمىسا مەسىلە ياكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىسى ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، ئاغزاكى كۈلتۈردە مەسىلىلەر ۋە ھادىسىلەرنى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئويلاش ئادەت ھالىغا كەلمىگەنلىكتىن، ئىلىم-پەننىڭ ياكى ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كۆزىتىش، قىزىقىش، سوئال قويۇش، تەنقىدىي نۇقتىدىن قاراش، ئىزدىنىش، ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق زېھنىي پائالىيەتلەرمۇ ئومۇملاشمايدۇ.[39] چۈنكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ئابستراكت ئۇقۇملار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «تاشنى قويۇۋەتسەن يەرگە چۈشىدۇ» دېگەن جۈملە كونكرېت مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ھەقىقىي ئېغىرلىقى ھاۋادىن چوڭ بولغان بىر جىسىم قويۇپ بېرىلگەندە، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى سەۋەبلىك يەرگە چۈشىدۇ» دېگەن جۈملىدە بىر نەچچە ئابستراكت ئۇقۇم بار. قىسقىسى، ئۇقۇملار بولمىسا ئابستراكتلىق بولمايدۇ، ئابستراكتلىق بولمىسا سەۋەب-نەتىجە يوق، سەۋەب-نەتىجە يوقتىن قويۇلسا مۇۋاپىق تەپەككۇرمۇ يوق. بۇنداق ئەھۋاللاردا سەۋەبلەرگە ئەمەس نەتىجىلەرگىلا قارىلىدۇ، لېكىن ئىنسان «بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولدى؟» دېگەن سوئالنى سورىماي تۇرالمايدۇ. ئاغزاكى كۈلتۈردە سەۋەب-نەتىجە بويىچە ئويلاش ئادەت ھالىغا كەلمىگەچكە، «نېمىشقا بۇنداق بولدى؟» دېگەن سوئالنىڭ ئورنىغا «بۇنى كىم قىلدى؟» دېگەن سوئال دەسسەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ياكى خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ ئۇنى تۈزەشنىڭ ئورنىغا، شەخسلەردىن ئىزدەشنىڭ كويىغا چۈشۈلىدۇ. بىر خاتالىقنى تەكرار قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇ خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك. سەۋەب تېپىپ چىقىلغاندا ئاندىن خاتالىقنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلە ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئانالىز ئېلىپ بېرىش ھەقىقەتەن تەس. مەسىلەن، «نېمە ئۈچۈن يامغۇر ياغدى؟» دېگەن سوئالنى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن

ئانالىز قىلىدىغان بولساق، ھاۋا بېسىمىدىكى ئۆزگىرىشلەر، بىرگە قاراپ كېلىۋاتقان فرونت سىستېمىسىنىڭ گىرادۇسى، بىز تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ گىرادۇسى، بۇ ئىككىسىنىڭ نەملىك نىسبىتى، ئەتراپىمىزدىكى ئىككى تەرەپلىك ھاۋا ھەرىكەتلىرى ئەمەس ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن يۇقىرى قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا ھەرىكەتلىرى.... ئۇ قەدەر كۆپ سەۋەب باركى، توغرا تەخمىن قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن زېھنىي پائالىيەت ۋە مەلۇماتقا ئېھتىياج بار. بۇنداق مۇرەككەپ ۋە قىيىن زېھنىي پائالىيەت ئاڭلاش ۋە سۆزلەشكە كۆنۈپ كەتكەن ئاغزاكى كۈلتۈرگە تەۋە كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ئورنىغا «يامغۇر ياغدۇرۇلدى» دېگەن جۈملىنى دېيىش تېخىمۇ ئاسان. ئەلۋەتتە ھەرىكەت سادىر قىلغۇچى ياكى مەسئۇل بولغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنازىرە قىلىنىشى كېرەك، بەزى ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىدىغان، بەزى ئىشلىرىدا خاتالىشىدىغان، بەزىدە توغرا ھەرىكەت قىلىپ بەزىدە ئازىدىغان ھەرىكەت ئىگىسىگە مەركەزلىشىش يەنىلا ئىنساننى چارچىتىپ قويىدۇ. شۇڭا يا پۈتۈنلەي توغرا ئىش قىلىدىغان شەخس ئىزدىلىدۇ ياكى قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا ۋە زىيانلىق دۈشمەن ئىزدىلىدۇ.

[40] تارىخچى بېرنارد لېۋىس مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا غەرب ئەللىرىگە مەغلۇب بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلەر، بۇنى بىزگە كىم قىلدى؟ دېگەن سوئالغا مەركەزلىشىپ سەۋەب-نەتىجە بويىچە ئويلاشقا مايىل بولمىدى، لېكىن تۈركلەر بۇ سوئالنىڭ ئورنىغا، بىز نېمىنى خاتا قىلدۇق، ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئالغا مەركەزلەشتى». بۇ دەل سەۋەب-نەتىجە بويىچە ئويلاش بولۇپ، مۇشۇنداق ئابستراكت ئۇقۇم بويىچە ئويلاش ئېڭى تۈركىيىدە، 17-ئەسىردىلا غەرب بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئوسمانلى دۆلىتى، ئىككى ئەسىر يەنە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇردى.[41]

ئاغزاكى كۈلتۈردە مەلۇم بىر ئىدىيە، مەلۇمات، مەسىلە ۋە ھادىسىگە نىسبەتەن يا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش مايىللىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ چىقىرىپ سەۋەبىنى بىلىشكە، مەسىلىگە جاۋاب تېپىشقا توسالغۇ بولىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيەدە دوگماتىزمنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەلۇمكى، ئېپىستېمولوگىيە (بىلىش شەكلى) نۇقتىسىدىن بىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى ھەققىدە ئىككى خىل پوزىتسىيە، چۈشەنچە ۋە ئۇسۇل بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ دوگماتىزم ۋە شۈبھىچىلىكتۇر. ئېپىستېمولوگىيە نۇقتىسىدىن دوگماتىزم بىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىگە ئىجابىي باھا بېرىدىغان بولسا، شۈبھىچىلىك بىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىگە ھەر نۇقتىدىن سەلبىي باھا بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە دوگماتىزم بىلەن شۈبھىچىلىك بىراۋنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. دوگماتىك ئىنسان مەلۇم بىر قاراش ياكى ئىدېئولوگىيەگە «قارىغۇلارچە» ئىشىنىدىغان، يەنى ئۇنىڭغا تەنقىدىي نۇقتىدىن قارىمايدىغان، ئۇ ھەققىدە مۇھاكىمە قىلمايدىغان، ئۇنىڭغا سوئال قويمايدىغان كىشىدۇر. شۈبھە قىلىدىغان ئىنسان كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە شەخسىي خاراكتېرىنىڭ قايغۇلىرى نۇقتىسىدىن ئەتراپىغا تەمكىن، ئىشەنچسىز ۋە شۈبھە بىلەن قارايدىغان كىشىدۇر. ئىجتىمائىي نۇقتىدىن بولسا بىر جەمئىيەت ياكى بىر جامائەتنىڭ دوگماتىك ۋە شۈبھىچى «روھىي ھالىتى» بولىدۇ. پەلسەپىۋى نۇقتىدىن دوگماتىزم ۋە شۈبھىچىلىكنىڭ مېتود ۋە ئېپىستېمولوگىيەلىك مەنىسى بار. ئېپىستېمولوگىيەلىك نۇقتىدىن دوگماتىزم بىلىشنىڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا توغرا بىلىشنىڭ ئىناۋەتلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، شۈبھىچىلىك توغرا بىلىشنىڭ ئىناۋەتلىكىگە گۇمان بىلەن قاراشنى كۆرسىتىدۇ.

[42] دوگماتىزم ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىپ، شۈبھىچىلىك توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلايلى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شۈبھىچىلىك قانداقتۇر ئۆيغۇر تىلى ئىستېمالىدىكى گۇمانخورلۇقتىن ئىبارەت ئىللەت بولماستىن، بەلكى بىلگى ياكى بىلىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى ، مەنبەسى، دائىرىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئويلىنىش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەنقىدىي نۇقتىدىن قاراشنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىچىلىك بىلگى (بىلىم) پەلسەپىسىدە ھەم بىلگىگە تۇتقان پوزىتسىيە ھەمدە مېتود سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ، قەدىمقى دەۋردە ئاشقۇن شۈبھىچىلىك ئېقىمىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكى مەنبەلەردە قەيت قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن پوزىتسىيە سۈپىتىدە شۈبھىچىلىك ھەققىدە توختىلايلى. شۈبھىچىلىك پەلسەپەنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، پەلسەپە نۇقتىسىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. پەلسەپىگە ئۆزىنى ئاتىغان ئىنسان، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ جىددىي ۋە رېئال پوزىتسىيە تەقەززا قىلىدىغان جىددىيلىكىدىن قۇتۇلۇش، ئۆزگە ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىدىيە، پىكىر ۋە قەدىرىيەتلەرگە شۈبھە ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ، ئۇلار ھەققىدە ئويلىنىپ سوئال قويالايدۇ. شۈبھىچىلىك پوزىتسىيەسى تۇرمۇشتىكى قېلىپلىشىپ كەتكەن ئادەتلەرگە ياكى جىددىي ھادىسىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن قاراشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۈبھىچىلىك بۇ جەھەتتىن دوگماتىزمنىڭ يەنى ئالدىغا چىققانلا ئىدىيە ۋە ئېتىقاد شەكىللىرى ھەققىدە ئويلانمايلا قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىدىغان تەرەپ بولۇشنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچى دورىسىدۇر. سوقراتنىڭ ئۆز دەۋرىدە نورمال ئافىنالىقلارنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىدىيە ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشى پەلسەپە تارىخىدا مۇھىم ئۆرنەك بولالايدۇ، بىر مېتود سۈپىتىدە شۈبچىلىك بولسا، شۈبھىنى بىر مەقسەت ياكى نىشان ئەمەس، بىر ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. پەلسەپە تارىخىدا شۈبھىچىلىكنى مېتود سۈپىتىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىپ ئۈنۈم ياراتقان كىشى فىرانسۇز پەيلاسوپ دېكارتتۇر. دېكارتنىڭ قارىشىچە، شۈبھىچىلىك ئېنىق، توغرا ۋە ئىشەنچلىك بىلىشكە ئېرىشىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.[43]

ئاغزاكى كۈلتۈردە ئادەت ۋە ئەنئەنىنىڭ قۇدرىتى ئىنساننىڭ قۇدرىتىدىن كۈچلۈك بولۇپ، ھەممە ساھەدە ئۆزىنى نايامەن قىلىدۇ، ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر تۇرغۇن بولۇپ ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگىرىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئىنسان ئۆزى بەرپا قىلغان ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتىلىپ تۇرمىسا، ئۇلارنىڭ مەھبۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ مەھبۇسلۇقتىن قۇتۇلۇشتا دىن ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرنى پرىنسىپ قىلغان بىلىم زور رول ئوينايدۇ.

بىلىم پەلسەپىچىسى ئايدىن سايىلى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىم جەمئىيەتلەرنىڭ تۇرغۇنلىشىشىغا، پائالىيىتىنى يوقىتىپ قويۇش مايىللىقىغا توسالغۇ بولىدىغان، جەمئىيەتلەرنى پائاللاشتۇرىدىغان ئامىلدۇر.»[44] بىلىمدە «مۇتلەقلىق» يوق بولۇپ، ئىزچىل ئىزدىنىش، سوئال قويۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، سوئاللىرىغا پاسىل قويۇۋالمايدۇ، ئۈتۈق، كەشپىيات ۋە نەتىجىلىرىنىڭ ئايىغى كېسىلمەيدۇ، بىلىمدە ھېچقانداق بىر مەسىلىدە ئەڭ ئاخىرقى سۆز دېيىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولمايدۇ. بىلىمنى بىلىم قىلغان بارلىق ئىلمىي يەكۈن ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىم زېھنىيىتى» بولۇپ، ئىنسانغا خاس ئىجادىيلىقتۇر. ئىزچىل سوئال سوراپ تۇرىدىغان، ئىزدىنىدىغان، تەتقىق، مۇھاكىمە ۋە تەجرىبە قىلىپ تۇرىدىغان، ئىلمىي نەتىجىلىرىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ تۇرىدىغان، تەنقىدلەرگە ھەر ۋاقىت مۆتىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئىنسان «بىلىم زېھنىيىتى»گە ئىگە ئىنساندۇر. بۇ زېھنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە «ئوچۇق تەپەككۇر» دېيىسەك بولىدۇ. بىلىمدىكى «ئوچۇق تەپەككۇر» تۇرغۇنلۇق ۋە قاتماللىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، بىلىمنى ئىزچىل يېڭىلاپ تۇرىدىغان كۈچتۇر. «بىلىم زېھنىيىتى» تەپەككۇر

ۋە مۇھاكىمىنى ھېچقاچان توختىتىپ قويمايدىغان، بۇ يولدا ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايدىغان «زېھنىيەت»تۇر. بىر يۆنىلىش بويىچىلا ئويلاش شەكلىگە قارشى بولۇپ، كۆپ يۆنىلىش بويىچە يەنى ئوچۇق تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يېڭىپ ئۆزىدىن ھالقىش قابىلىيىتى بىلىمدىكى تەرەققىياتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. جەمئىيەتتىكى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىدە بىلىم ياتىدۇ. بىلىم بىر تەرەپتىن ماددىي تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەنىۋى ھاياتنىڭ پۈختا ئىدىيىۋى ئاساسلارغا ئىگە بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ، ئىنسانغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە « ئويلاش»ئادىتى يېتىلىدۇ، بۇ ئادەت يېتىلسە ئىنسان «بىلىم كۈلتۈرى»گە ئىگە بولىدۇ. بىلىم كۈلتۈرى بىر ئىنساننىڭ ياشاش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم كۈلتۈرىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى تۇرغۇنلۇق بولماستىن پائال بولۇشىدۇر. بىلىم كۈلتۈرىدىن مەھرۇم توپلۇقلار ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان توپلۇقلارنىڭ دەۋرنىڭ كەينىدە قالىدىغانلىقى ئېنىق.»[45]

جامائەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلى: جامائەتتىكى مۇناسىۋەت شەكلىگە ئامېرىكالىق جەمئىيەتشۇناس پارسونسنىڭ «ئەندىزە ئۆزگىرىشى» نەزەرىيەسىدىن قاراپ چىقايلى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شەكلى نۇقتىسىدىن توننىيېس جەمئىيەتلەرنى جامائەت ۋە جەمئىيەت تىپى، دۇركايىم بولسا مېخانىك ھەمكارلىقنى ئاساس قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى خۇسۇسىيەتداشلىق توپلۇقلار ۋە كەسپىيلەشكەن ئىش تەقسىماتى بولغان ئورگانىك ھەمكارلىقنى ئاساس قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى پەرقداشلىق جەمئىيەتلەر تىپى دەپ ئايرىيدۇ. بۇ كاتېگورىيەلەر تارىخىي بولماستىن ئانالىتىك ھېسابلىنىدۇ، يەنى تارىخنىڭ مۇئەييەن دەۋرلىرىگە ماس كېلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئەمەس. بۇ جەمئىيەت تىپلىرى پەرقلىق كۈلتۈر ۋە قەدىرىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بىر جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرىدا ھەر ئىككىلىسى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.[46]

ئامېرىكالىق جەمئىيەتشۇناس پارسونس يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىككى جەمئىيەت تىپىدىن ئىلھام ئېلىپ، جەمئىيەتلەرنىڭ نورما ۋە قەدىرىيەتلىرىنى كاتېگورىيەگە ئايرىش مەقسىتىدە «ئەندىزە ئۆزگىرىشى» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي نورما، نىزام، قەدىرىيەت، ئىجتىمائىي رول ۋە مۇئەسسەسەلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ جەمئىيەتلەرنىڭ پۈتۈنلىشىش ۋە مۇۋازىنەت سەۋىيەسىنى ئۆلچىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پارسونس بۇ نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى جەمئىيەت[47] بىلەن زامانىۋى جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل جەمئىيەت تىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەندىزىسىنى بەش نۇقتىدىن ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى خىل جەمئىيەت تىپىدىكى مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.[48] ئۇ زامانىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلمىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولمىغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق نورما ۋە قەدىرىيەتلىرىنى «ئا» تىپىدىكى «ئەندىزە ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ خىلدىكى «ئەندىزە ئۆزگىرىشى» بولسا ھېسسىياتنى قاندۇرۇش (پىسخىكىلىق ئېھتىياج)قا ئوخشاش نورما ۋە قەدىرىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن سانائەتلەشكەن ۋە بيۇروكراتلاشقان زامانىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق قەدىرىيەت سىستېمىلىرى بولسا مەقسەت ۋە نىشانغا يېتىش، ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا ئوخشاش ۋاستىلىك قەدىرىيەت ۋە نورمىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھېسابلىنىدىغان «ب»تىپىدىكى « ئەندىزە ئۆزگىرىشى » تەرىقىسىدە سۈپەتلىنىدۇ. «ئا»تىپىدىكى ئەندىزە ئۆزگىرىشى، يەنى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت ئەندىزىسى بىلەن «ب»تىپىدىكى ئەندىزە ئۆزگىرىشى يەنى زامانىۋى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

| «ئا»تىپىدىكى ئەندىزە ئۆزگىرىشى (جامائەت تىپى جەمئىيەت) | «ب» تىپىدىكى ئەندىزە ئۆزگىرىشى (زامانىۋى جەمئىيەت) |
|---|---|
| تۇغمىلىق | نەتىجە ياكى مۇۋەپپەقىيەت |
| تارقاقلىق ياكى ئومۇمىيلىق | مۇئەييەنلىك ياكى خاسلىق |
| ئۆزگىچىلىك | ئالەمشۇمۇللۇق ياكى ئۇنىۋېرساللىق |
| ھېسسىياتچانلىق | ھېسسىي بىتەرەپلىك- ھېسسىياتتا ئوتتۇراھاللىق |
| كوللېكتىپ مايىللىق | شەخسىي مايىللىق |

بىز تۆۋەندە پەقەت ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەت شەكلى يەنى پارسونسىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، «ئا» تىپى «ئەندىزە ئۆز- گىرىشچانلىقى» ئۈستىدە توختىلىمىز.

تۇغمىلىق: بۇ بىراۋ ئىگە بولغان ئىجتىمائىي سالاھىيەتكە تۇغۇلۇشتىن ئىگە بولغانمۇ؟ ياكى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ شەخسىي تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئېرىشكەنمۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇناسىۋەتلىك. تۇغمىلىق بىراۋ تەۋە بولغان تۇغما سالاھىيەت تۈرتكىسىدە ئىگە بولغان قابىلىيىتى، ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىسە، نەتىجە ياكى مۇۋەپپەقىيەت بىراۋ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراۋ رولى ۋە رولى تەقەززا قىلغان نىشانلارنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا (بېغىشلانغان ئىجتىمائىي ئورنىغا) ياكى ئۆزىنىڭ ئۇتۇقى، نەتىجىسى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىپادىسى (ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئورنىغا) بىلەن باغلامدۇ؟ مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرقى ، مىللىتى ياكى جىنسى سەۋەبىدىن ھازىرقى ئىجتىمائىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەن بولسا، ھەمدە دوستلىرىنى ئوخشاش بىر ئىرق ياكى مىللەتتىن تاللىسا، بۇ تۇغما ئالاھىدىلىك مۇناسىۋىتىگە مىسال بولالايدۇ، لېكىن قايسى ئىرق ۋە قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزى ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىلا تاللىسا بۇ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە مىسالدۇر. مۇنۇ مىسالمۇ بۇ تۇغمىلىقنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن: مەلۇم بىر ئاممىۋى تەشكىلات ياكى مەلۇم بىر شىركەت خىزمەتچى ئالماقچى بولغاندا، خىزمەتچىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىغا ، لاياقىتىگە ئەلۋەتتە قارىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ئىچىدە بولمىسا بولمايدىغان شەرتلەردىن بىرى بولماستىن نورمال بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەردىكى خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم شەرتلەر ئىچىدە خىزمەتچىنىڭ ئىرقى، مىللىتى، مەزھىپى، جامائىتى، دىنى، جىنسى ۋە باشقا تۇغما ئالاھىدىلىكلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارقاقلىق ياكى ئومۇمىيلىق: بۇ بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە مەجبۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە مەجبۇرىيەتلەر قانچىكى كۆپ ۋە خىلمۇ خىل بولسا، بۇ خىل مۇناسىۋەت تارقاق، ئومۇمىي ۋە كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا تار ۋە خاسلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. تارقاقلىق ياكى ئومۇمىيلىق كۈچلۈك بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىدە بولسا

كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن چەكلىك ۋە مۇئەييەن تەرتىپتە ئەمەس، ئومۇمىي ۋە كەڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ بىر دوستى، بىر مەزھەپدىشى، يۇرتدىشى، مىللىتىدىن بىرى مەلۇم بىر ئورۇننىڭ مەسئۇلى بولسا ئۇزى بولغاندەك خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق ھەممە ئىشنى ھەل قىلالايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇ باشلىق بولغان دوستىنىڭ شۇ ئورۇندىكى ۋەزىپىسى، رولى ۋە مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن «ب»تىپلىق ئەندىزە ئۆزگىرىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە بىر مىسال بېرەيلى: بىر دوختۇر بىمارغا دائىر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەلۇماتلارغا قىزىقمايدۇ، پەقەت بىمارنىڭ كېسەللىكىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىمارمۇ دوختۇرنىڭ ھەممە ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى خالىمايدۇ، كېسەللىكىگىلا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتتىكى خاسلىق ياكى مۇئەييەنلىككە ئىشارەت قىلىدۇ. تارقاقلىق ياكى ئومۇمىيلىقتا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي روللىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئوچۇق پاسىللار بىلەن ئېنىق ئايرىلىپ كەتكەن بولماستىن، بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، نەتىجىدە بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي روللىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، تارقاقلىق ياكى ئومۇمىيلىق مۇناسىۋەت شەكلى ئومۇملاشقان تەشكىلات ياكى مۇئەسسەسەلەردە، ئەزالارنىڭ ۋەزىپە تەقسىماتى، رولى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ دائىرىسى شۇ تەشكىلاتنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىدا يېزىلغان ھالەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىجرائاتتا مۇنداق بولماي قالىدۇ. تەشكىلاتتىكىلەر تەبىئىي ھالدا بىر-بىرىنىڭ مەجبۇرىيەت، رول ۋە ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئۆزگىچىلىك: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىدىن كۈتىدىغان تەلىپى ياكى ئۆلچىمىگە قارىتىلىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىراۋ شەخسلەر ۋە ۋەقە-ھادىسىلەرگە ئۆزى بىلەن بولغان ئۆزگىچە ياكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ھېسسىي ئۆلچەملىرىنى ئاساس قىلىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر دوختۇر، ئەمەلدار، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئوينايدىغان رولى ياكى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل كىشىلەرگە قويىدىغان تەلىپى ئۆزگىچە بولىدۇ، رول ياكى تەلەپ يەنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولماستىن، مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ھېسسىياتچانلىق: بۇ بىراۋنىڭ ئۆزى يولۇققان ھادىسە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قانداق قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. بىراۋ ھېسسىياتىنى ئىش-ھەرىكىتىگە ئارىلاشتۇرۇشقا ياكى ھېسسىياتىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ، يەنى ھېسسىياتىنى قاندۇرۇشقا (پىسخىكىلىق ئېھتىياج)مايىل بولسا ھېسسىياتچان، ھېس-تۇيغۇسىنى تەربىيەلەپ ياكى تىزگىنلەپ ئىشقىلا مەركەزلەشسە بۇ ھېسسىي بىتەرەپلىك بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تەشكىلاتتا بىر تەشكىلات ئەزاسى خاتالىق ئۆتكۈزسە ئۇ تەشكىلات ئەزاسى تەشكىلاتنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنماستىن، يېقىن-يورۇقلۇق، دىنداشلىق ياكى يۇرتداشلىق سەۋەبىدىن خاتالىقى سۈرۈشتە قىلىنماي ھىمايە قىلىنسا ياكى كۆرمەسلىككە سېلىنسا بۇ ھېسسىياتچانلىق ھېسابلىنىدۇ.

كوللېكتىپچانلىق: بۇ بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ھادىسە ياكى كىشىلەرگە شەخسىي نۇقتىدىنمۇ ياكى ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپىنىڭ قەدرىيەت ۋە نورمىلىرى نۇقتىسىدىن قارامدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇناسىۋەتلىك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىراۋ ئىش-ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنى مەركەز قىلامدۇ؟ ياكى كوللېكتىپنىڭ خاھىشى ياكى مەنپەئەتىنى ئاساس قىلامدۇ؟ دېگەنلىكتۇر. جامائەت تىپى جەمئىيەتلەردە بىراۋنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، پائالىيىتى، مەلۇم ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە خاھىشى كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسىنى

ئاساس قىلىدۇ، مۇناسىۋەت دائىرىسىمۇ ئۆزى تەۋە بولغان جامائەت ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ.

پارسونسنىڭ بۇ نەزەرىيەسى بىر جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنىڭ ماھىيىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى، تەبىئىتىنى، شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي روللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، شەخسلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قايسى روللىرىنى تاللايدىغانلىقىنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.[49]

جامائەتتە ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى: جامائەتتىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلىنى نوپۇزلۇق نېمىس جەمئىيەتشۇناس، شەرقىي جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بەرپاچىلىرىدىن بولغان ماكس ۋېبېرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت قارىشى تۇتقا قىلىپ ئىزاھلايمىز. ماكس ۋېبېر كاپىتالىست جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا زامانىۋى جەمئىيەتتە قورال خاراكتېرلىك ئەقلىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا زامانىۋى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاشنى، كەسپىيلىكنى، مۇتەخەسسىسلىكنى، ئەقلىيلىكنى (راتسىيونال)، ئالدىن مۆلچەرلىكنى، كونتروللۇقنى ئۆگىنىپ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كاپىتالىزم تېخى ئومۇملاشمىغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ياكى جامائەت تىپى جەمئىيەتلەردە بولسا، قەدرىيەت (قىممەت-قاراش) ھەرىكىتى، ھېسسىي ھەرىكەت ۋە ئەنئەنىۋى ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ بەكرەك ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. قەدرىيەت ھەرىكىتىدە بىراۋ ھەر ۋاقىت ئۆزى قوبۇل قىلغان نورمىلار، قەدرىيەتلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ھەرىكەت نەتىجىسىنى بەكرەك ئويلىشىدۇ. لېكىن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تاللايدىغان ۋاستىلىرى چەكلىك بولىدۇ.[50] ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سەۋەبلەر ۋەزىپە، ئىززەت-ئابرۇي، دىن، مەزھەپ، مەجبۇرىيەت، ساداقەتمەنلىك، نورمىلار، قەدرىيەتلەر، ئەخلاق، ئېستېتىك قاراش قاتارلىقلار تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەرىكەتنى قەدرىيەتكە ئاساسەن ئېلىپ بارغان كىشىگە نىسبەتەن، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى مەيلى ئىجابىي بولسۇن مەيلى سەلبىي بولسۇن ھەرىكەت چوقۇم قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ كورونا ۋىرۇسى مەزگىلىدە ۋىرۇسقا قارىماي جۈمە نامىزىنى جامەدە ئوقۇشى، شۇنداقلا كولونىيانىڭ تەركىبىدە ئېسپىرت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىشلەتمەسلىكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. يۇرتىنى، ئاتا-ئانىسىنى، بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ ئېغىر خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزگە دىيارلارغا «جىھاد» ئۈچۈن كەلگەن بىرىنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. بىر قوماندانىنىڭ جەڭدە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سەپنىڭ بېشىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىشىمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئەنئەنىۋى ھەرىكەتتە ھەرىكەت ئىگىسى ئۆزى كۆنۈپ كەتكەن ئادەت ۋە ياشاش شەكلى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، ھەرىكەت ئىگىسى نېمىشقا ئۆزىنىڭ شۇنداق ھەرىكەت قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاشمايدۇ. باشقىلار سوراپ قالسا تارىختىن بۇيان شۇنداق قىلىپ كېلىنگەنلىكىنى ياكى ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقىنى دېيىشىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا غەيرى رەسمىي ئېتىبارى بولغان شەخسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەتلىرى ئۆرنەك قىلىنىدۇ. سالامەتلىك نۇقتىسىدىن بۇ ھەرىكەت شەكلىگە قارىلىدىغان بولسا، ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، كورونا ۋىرۇسى نۇقتىسىدىن ئويلايدىغان بولساق، تۇزلۇق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاش، ئاچچىق سۇ بىلەن تازىلاش،تۈرلۈك شەربەت ۋە يەرلىك مەجۇنلارنى يېيىش قاتارلىقلار مىسال بولالىشى مۇمكىن. ھېسسىي ھەرىكەتتە ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ئىش قىلغان چاغدىكى ھېسسىي مايىللىقى تۈرتكىلىك رول ئويناش بىلەن بىرگە، بۇ ھەرىكەت كۆپىنچە رېفلېكس

تەرىقىسىدە بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتتە مۇھىم نۇقتا شۇكى، مەيلى شەخس نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى جەمئىيەت نۇقتىسىدىن بولسۇن غەيرى ئەقلىيلىكنىڭ ئەقلىيلىكتىن ئۈستۈن ئورۇندا بولۇشىدۇر. مەسىلەن، يىغلىغان بالىسىنى توختىتالمىغان بىر ئانىنىڭ بالىسىنى ئۇرۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

## 3. جامائەتنىڭ تەقدىرى؟

غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ جامائەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئائىلە، قەبىلە، يۇرت بىرلىكى، دىنى يېقىنلىق، ئەل-ئاغىنىدارچىلىق، يۈز-تۇرانە مۇناسىۋەت شەكلى، تونۇش-بىلىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ياكى جامائەت تىپى جەمئىيەتلەرنىڭ بىلىم، سانائەت، تېخنولوگىيە، راتسىيونالللىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، زامانىۋىلىشىش ۋە سېكۇلارلىششقا ئەگىشىپ يوق بولىدىغان ئۆتكۈنچى ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ راتسىيونال ياكى ئەقلىي پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىپ تەييارلانغان كېلىشىملەر ۋە قائىدە-پرىنسىپلار ئاساسىدا قۇرۇلغان زامانىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ دەسسەيدىغانلىقىنى، جامائەت تىپىدىكى جەمئىيەتلەردە زامانىۋى مەنىدىكى بىلىمنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىنى، بىلىمنىڭ بولسا زامانىۋى جەمئىيەتلەردە يەنى غەرب جەمئىيەتلىرىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، دىنىنىڭ رولىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، قىسقىسى، سېكۇلارلىشىش، بىلىم ۋە تېخنولوگىيەلىك تەرەققىياتلار بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان زامانىۋىلىشىش ئومۇملاشقان جەمئىيەت تىپى ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تامامەن غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە، ھادىسىلەرگە ۋە تەرەققىياتلارغا تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ نۇقتئىينەزەر بويىچە بولغاندا، تارىخ ۋە جەمئىيەت ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تۈز سىزىق بويىچە ئۆزگىرىپ ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ، تىك سىزىقلىق ۋە دولقۇنسىمان ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان كۆپ قىسىم غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى جامائەت ھادىسىسىنى ۋېبىر ئوتتۇرىغا قويغان «ئىدېئال تىپ»ئەندىزىسىگە ئاساسەن كاتېگورىيەگە ئايرىغان بولۇپ، تارىخ ۋە رېئاللىقتا زىت ياكى ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرى بولۇشى تەبىئىي. رېئاللىققا قارايدىغان بولساقمۇ، غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ جامائەت ھەققىدىكى تەخمىنلىرى توغرا چىقماي قالدى، سېكۇلارلىشىش ئەمەلگە ئاشمىدى، مودېرنلىششنىڭ ئورنىغا پوست-مودېرنلىشىش دەسسىدى، بىلىم ۋە تېخنولوگىيە ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى تولۇق ھەل قىلالمىدى، دىن قايتىدىن جانلىنىپ «يېڭى دىنىي ھەرىكەتلەر»باش كۆتۈردى، نېتزىنىڭ «تەڭرى ئۆلدى»دېگەن سۆزىنىڭ ئورنىغا «تەڭرى قايتىپ كېلىپ ئىنتىقام ئالدى»دېگەن سۆزلەر جاراڭلىدى[51]، جامائەت يوقاپ كەتمىدى، جامائەت بەزى ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ ھەم زامانىۋى ھەمدە پوست-زامانىۋى دەۋردە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇردى. كېيىنكى 30 يىلدا تېخنولوگىيەدە بارلىققا كەلگەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، يېڭىچە بىر جامائەت شەكلىنى يەنى «ئىنتېرنېت جامائىتى»نى شەكىللەندۈردى. دىگىتال تېخنولوگىيە «ئىنتېرنېت جامائىتى»نى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى شارائىت بەرپا قىلدى، جامائەتلەرگە كىرىش ئۈچۈن تونۇشۇش، يۈز-تۇرانە كۆرۈشۈش، قان-قېرىنداشلىق، ئوخشاش يۇرتتىن بولۇش قاتارلىق شەرتلەرگە كېرەك قالمايدىغان بولدى. ھاياتتا بىر قېتىم بولسىمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ باقمىغان، ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان، بىر-بىرىدىن يىراق رايونلاردا

ياشايدىغان كىشىلەر «ئىنتېرنېت جامائىتى»نى بەرپا قىلىشقا باشلىدى.

ئەلۋەتتە، دىگىتال دۇنيانىڭ مەھسۇلاتى بولغان «ئىنتېرنېت جامائىتى» بىلەن ئەنئەنىۋى جامائەتلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت بولۇپ، «ئىنتېرنېت جامائىتى» مەنسۇپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياكى رىشتە ۋە ياكى بىر-بىرلىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىك ئەنئەنىۋى جامائەت مەنسۇپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنسۇبىيەت رىشتىسىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ، شۇنداقلا ساداقەتمەنلىكمۇ بولمايدۇ. «ئىنتېرنېت جامائىتى»دە مۇناسىۋەتلەر ئەنئەنىۋى جامائەتلەردىكىگە ئوخشاش قاتلاملىق بولماستىن، باراۋەرلىك مەۋجۇت.

## خۇلاسە

مەيلى كلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلىق بولسۇن مەيلى بۈگۈنكى جەمئىيەتشۇناسلىق بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاساسلىق مۇنازىرە تېمىلىرىدىن بىرى بولغان جامائەت توغرۇلۇق، تارىختا ئوقۇملاشتۇرۇلغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جامائەت تېپىدىكى تۇرمۇش شەكلى توغرۇلۇق نۇرغۇن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھازىرغىچە جامائەت ئوقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى، دائىرىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن قاراشلارنى ئۇچرىتىش تەسرەك، لېكىن بۇ قاراشلار بىزنىڭ جامائەت ھادىسىسىنى چۈشىنىشىمىزگە زور دەرىجىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلىلەرگە قاراش ۋە ئۇلارنى ئىزاھلاشتا ئۆزلىرى ياشىغان كۇلتۇر ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلمىغان غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى، جامائەت ھادىسىسىگە تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە دېئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغان بولۇپ، جامائەتنى ياكى جامائەت تىپى تۇرمۇش شەكلى ۋە ياكى جامائەت تىپى جەمئىيەتلەرنىڭ بىلىم، تېخنولوگىيە، سانائەت قاتارلىقلار تەرەققىي قىلغان، سېكۇلارلىشىش ۋە مودېرنلىشىش جەريانى تاماملانغان جەمئىيەت تىپى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى سۈپىتىدە قارىغان. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك جامائەتنى ئوقۇملاشتۇرۇشتا ۋېبېرنىڭ «ئىدېئال تىپ» فورمىلاسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كاتېگورىيەگە ئايرىپ چىققان.

1857-يىلى سىر ھېنرى سامېر مېين جامائەت ھادىسىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوقۇملاشتۇرغاندىن كېيىن، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ غوللۇق يېتەكچىلىرىدىن بولغان سائىنت سىمون (Saint Simon)، كومت (Comte)، سپېنسېر (Spencer)، لى پلېي (Le Play)، توكۋېل (Tocqueville)، دۇركھېيىم (Durkheim)، ۋېبېر (Weber)، ماركس (Marx)، توننىيېس (Tonnies) ۋە سىممېل (Simmel)، كۇرتھان ۋە ماك ئىۋېر پاگې، ت. بېندېر، رايموند ۋىلىيامس، باۋمەن، سېننېت، پارسونس قاتارلىق نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناسلار جامائەت ھادىسىسىنى ئوقۇملاشتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ جەمئىيەتشۇناسلار جامائەت ھادىسىسىنى ئوقۇملاشتۇرۇپ ئىزاھلىغاندا «ئورتاقلىق، ئوخشاشلىق، سەممىيەت، ئىللىقلىق، خاتىرجەملىك، تەبىئىيلىك، ئىرادە، غەيرى ئەقىل، ساداقەت، ئورگانىك، ھەمكارلىق، يۈز-تۇرانلىق» قاتارلىق ئوقۇملاردىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئورتاقلىق» دېگەندە ئورتاق تۇرمۇش شەكلى، ئورتاق كۇلتۇر، ئورتاق ماكان كۆزدە تۇتۇلسا، «ئوخشاشلىق» دېگەندە دىن، ئىدىيە، ئەنئەنە، ئادەت، قان (قانداشلىق) كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئامىللار بىرلىشىپ سەممىيەت، ئىللىقلىق، خاتىرجەملىك، ساداقەت ۋە ھەمكارلىق تۇيغۇلىرى كۈچلۈك بولغان تەبىئىي ۋە ئورگانىك بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ياكى تۇرمۇش شەكلى شەكىللىنىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىي

ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بۇ ئىجتىمائىي بىرلىك غەيرى ئەقلىي بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى بىرلەمچى يەنى ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بىر قىسمى جامائەت ھادىسىسىنى ئىزاھلىغاندا، جامائەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، سەممىيەت، ساداقەت، ئىللىقلىقنىڭ رولىنى تەكىتلەپ ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، مەنپەئەت، ھەتتا توقۇنۇش قاتارلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ھەتتا جامائەتنىڭ بىلىم، سانائەت، تېخنولوگىيە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە يوق بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. لېكىن دىگىتاللىشىۋاتقان كۈنىمىزدە بۇ جەمئىيەتشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك جامائەتنىڭ يوق بولمىغانلىقى، ئەكسىچە پەرقلىق تەرىقىدىكى جامائەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈلمەكتە.

## Endnotes

1 بۇ ماقالىدا جامائەت ئىبارىسى بەزى جايلاردا جامائەت تىپى جەمئىيەت، ئەنئەنىۋىي جەمئىيەت ياكى جامائەت تىپى تۈرمۇش شەكلى مەنىسىدە ئىشلىتىلدۇ.

2 Yelken, aktaran: Adem Akarsu, İLAHİYAT FAKÜLTESİ ÖĞRENCİLERİNİN CEMAAT ALGILARININ DÜNYA GÖRÜŞLERİNE ETKİSİ, Ankara Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü, Doktora Tezi, Ankara ( 2015), S.38.

3 Ramazan Yelken, ( 1999), Cemaatin Dönüşümü, Ankara: Vadi Yayınları, Ankara, s.31.

4 Mustafa Günerigök, Cemaat Sosyolojisi: Bir Kavramın Tarihsel Serüveni, Anemon Muş Alparslan Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, s.3. 31 Temmuz 2019, ORCİD:0000-0002-2592-9284, https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/828250.s.286.

5 Veysel BOZKURT, CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Bozkurt, V. (2018). CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, USE 2.Uluslararası Sosyoloji ve Ekonomi Kongresi Tebliğler Kitabı, Edit: E. Yalçınkaya, ss. 436-449, ISBN 978-605-7510-95-2

6 Veysel BOZKURT, CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Bozkurt. S.3.

7 Veysel BOZKURT, CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Bozkurt. S.4.

8 ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، ت-خ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991، 543 - بەت.

9 https://learnersdictionary.com/definition/community

10 ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، قان ۋە نەسەب بىرلىكى

11 Adem Akarsu, İlahiyat Fakültesi Öğrencilerinin Cemaat Algilarinin Dünya Görüşlerine Etkisi, Doktora Tezi Adem Akarsu, Ankara – 2015,

12 AdemAkarsu, İlahiyat Fakültesi Öğrencilerinin Cemaat Algilarinin Dünya Görüşleri

13 Mustafa Günerigök, Cemaat Sosyolojisi, s.288.

14 مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شارائىتتىكى ھەرىكەت ياكى ھادىسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلغان مودېلدىن ئىبارەت. بۇ دېگەنلىك، مەلۇم بىر تارىخىي ھادىسە ياكى ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەتقىقاتچى ھەر دائىر مەلۇم بىر نەزەرىيەۋى ئەندىزىگە ئېھتىياجلىق (ئىقبال، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى، 154:2020).

15 Yelken, 1999: 33-53; 2012: 257، Mustafa Günerigök, Cemaat Sosyolojisi: Bir Kavramın Tarihsel Serüveni, Anemon Muş Alparslan Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, s.4. 31 Temmuz 2019, ORCİD:0000-0002-2592-9284, https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/828250.

16 Günerigök, Cemaat Sosyolojisi: Bir Kavramın Tarihsel Serüveni, s.290.

17 Cihad Mert, Türkiye’deki Cemaat Sorunu: Fetö Örneği, Sivas Cumhuriyet Üniversitesi, Sosyal Bilimler Enstitüsü, Yüksek Lisans Tezi, 2020, s.8.

18 Nurettin Şazi Kösemihal, (1955), Sosyoloji Tarihi, İstanbul: İstanbul Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Yay.S.206

19 Mehmet Fikret Gezgin, Cemaat-Cemiyet Ayırımı ve Ferdinand Tönnies, Sosyoloji Konferansları » Makale » Cemaat-

Cemiyet Ayırımı ve Ferdinand Tönnies (dergipark.org.tr), 14 Eylül 2011, s. 184-187

20 Nurettin Şazi Kösemihal, Sosyoloji Tarihi, S.206.

21 Wagnerö Leonie. 2004/2005. Community-A Theoretical Approach to A Big İssu, I.U.C Journal of Social Work Theory and Practic, İssue 10: Link. Türkçe Kaynak: M.Kaan Erdoğan: https://www.sosyalbilimler.org/cemaat-cemiyet-tonnies/29 Mayıs 2019

22 Bottomore, T., (1984) Toplum Bilim, (Çev. Ünsal Oskay), İstanbul: Beta Basım Yayınları, S.98.

23 Ali Bulaç, (2006), Din ve Modernizm, İstanbul: Yeni Akademi Yayınları, S.28.

24 Ali Bulaç, Din ve Modernizm, s.29.

25 بىراۋ يەككە ئىنسان ياكى شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئەزاسى بولۇش، بىرەر ئىناۋەتلىك جەمەتنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇش بىلەن قىممەت ۋە ئىناۋەت تاپىدۇ.

26 Nurettin Şazi Kösemihal, Sosyoloji Tarihi, S.211.

27 Mehmet Fikret Gezgin, Cemaat- Cemiyet Ayrımı ve Ferdand Tönnies, S.186.

28 Ayhan DEVER, "BİLGİNİN EFENDİLERİ": EPİSTEMİK CEMAAT, FLSF (Felsefe ve Sosyal Bilimler Dergisi), 2012 Bahar, sayı: 13, s. 201-217 ISSN 1306-9535, www.flsfdergisi.com, s.205.

29 Adem Akarsu, İLAHİYAT FAKÜLTESİ ÖĞRENCİLERİNİN CEMAAT ALGILARININ DÜNYA GÖRÜŞLERİNE ETKİSİ,S.38.

30 Veysel BOZKURT, CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Bozkurt. S.4.

31 Veysel BOZKURT, CEMAATLER: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Bozkurt. S.5.

32 Bauman, Zygmunt (2016). ''Cemaatler'', Say Yayınları, İstanbul, s.8-9.

33 Bauman, Zygmunt (2016). ''Cemaatler'', Say Yayınları, İstanbul, s.10-11.

34 Cihad Mert, Türkiye'deki Cemaat Sorunu: Fetö Örneği, Sivas Cumhuriyet Üniversitesi, Yüksek Lisans Tezi, 2020, s.10.

35 Veysel Bozkurt, Cemaatler: Kavramsal, Kuramsal Temeller ve Türkiye, Kasım 2018, S.9.

36 Selim Eren, Cemaatsel Oluşum ve Dinin Rolü, Dini Araştırmalar, Mayıs-Ağustos 2000, C.3, s.94

http://ktp.isam.org.tr/pdfdrg/D01949/2000_7/2000_7_ERENS.pdf.

37 Mehmet Fikret Gezgin, Cemaat- Cemiyet Ayrımı ve Ferdand Tönnies, https://dergipark.org.tr/tr/pub/iusoskon/issue/9527/119110, Yıl 1988, Cilt 0 , Sayı 22,S.189.

38 Serdar Öztürk, https://muhaz.org/son-yllarda-sozlu-kultur-ile-yazl-kultur-arasnda-derin-farklar.html.

39 İskender Öksüz, https://www.karar.com/yazarlar/iskender-oksuz/kavram-yoksa-kufur-ve-sopa-var-1590573, 10/09/2021.

40 İskender Öksüz\ https://www.karar.com/yazarlar/iskender-oksuz/reklam-arasi-veremeyenler-somurge-oldu-1590658, 19/09/2021

41 İskender Öksüz\ https://www.karar.com/yazarlar/iskender-oksuz/reklam-arasi-veremeyenler-somurge-oldu-

42 https://cdn-acikogretim.istanbul.edu.tr/auzefcontent/20_21_bahar/bilgi_felsefesi/3/index.html

43 https://cdn-acikogretim.istanbul.edu.tr/auzefcontent/20_21_bahar/bilgi_felsefesi/3/index.html

44 Ayhan Dever, "BİLGİNİN EFENDİLERİ": EPİSTEMİK CEMAAT, https://dergipark.org.tr/tr/pub/flsf/issue/48612/617574, S.4.

45 Şafak Vural, Özgür İfade, Bilim ve Toplumsal Gelişme, nisan-2016-BA-ifade-ozgurlugu-raporu-1.pdf.s.3.

46 Ömer yıldırım, https://www.felsefe.gen.tr/talcott-parsons-ve-yapisal-islevselcilik/

47 كلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزىرىدىكى جامائەت تىپى جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

48 Chaudhry ve Venugopal, 2004: 19

49 ÖMER YILDIRIM,https://www.felsefe.gen.tr/talcott-parsons-ve-yapisal-islevselcilik/

50 مۇتەللىپ ئىقبال، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى، ـ155بەت، تەكلىماكان كىتابخانىسى، 2020 دېكابىر، 100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى ـ2كىتاب

51 M.Ali Kirman, Yeni Dini Hareketler Sosyolojisi, s.1, Haziran,2010, Ankara.



# ھېسسىيات ئۇقۇمىغا ئىسلامىي ۋە زامانىۋىي پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن نەزەر


**رازىيە مۇھەممەت**

ئىبن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى،
پسىخولوگىيە فاكۇلتېتى

E-mail:

maimaiti.reziyamu@ibnhaldun.edu.tr


**ئاساسىي مەزمۇن:** ھېسسىيات (emotion) ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر مۇرەككەپ ئۇقۇم بولۇپ، دۇنيانى ھېسسىياتتىن خالى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىسا كېرەك. ھېسسىيات ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، قارار چىقىرىشى، سىرتقى زەربىدىن قوغدىنىشى ۋە ھايات قېلىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. قارايدىغان بولساق، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ۋە بۇ كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

ھېسسىيات پەرقلىق كونتېكستلاردا ئوخشىمىغان نەزەرىيەۋىي رامكىلاردا تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە ھېسسىيات ئۇقۇمى ئىسلامىي ۋە زامانىۋىي پسىخولوگىيەدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈلدۇ، پسىخولوگىيىدە كىلىنىكىلىق داۋالاش ساھەلىرىدىكى ئەندىزىلەردىن ئۆرنەك بېرىلدۇ ۋە ئۆز- ئارا سېلىشتۇرۇلدۇ.

**Abstract:** Emotion is a complex and vital concept that plays a crucial role in human life. The context of emotions are studied in many different areas of psychology in terms of cognitive and biologically influences which related to the different theoretical frameworks. In Islamic intellectual heritage, scholars study emotions in both cognitive and experiential approaches and demonstrate different treatment techniques. Modern psychology also pointed out cognitive-based and biological-based emotion theories which have been utilizing for emotion regulation in a clinical setting in different schools of psychology. In this paper, I will try to explain the concepts of emotions in Islamic tradition and modern psychological literature. I aim to compare and contrast emotions in those two perspectives and their usage in different models.

قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئىنسانلار مەۋجۇتلۇق، ئىنسان كىملىكى، غايىسى، ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كەلگەن. بۇ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان كۆزقاراشلار، پەلسەپىۋىي بەس - مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىققان ۋە سىستېمىلىق مېتودلار بىلەن تەرەققىي قىلىپ ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى شەكىللەندۈرگەن. پسىخولوگىيە بىلىمى بۇلاردىن بىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىش - ھەرىكىتى، مېڭە فۇنكسىيىلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر. پسىخولوگىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيەلىك پسىخولوگ ۋىليام ۋۇنتنىڭ مۇستەقىل تەتقىقات تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، بىئولوگىيە ۋە پەلسەپە پەنلىرىدىن مۇستەقىل بىر ئىجتىمائىي پەن سۈپىتىدە ئايرىلىپ چىققان (Henley, 2019). ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئەسىر مابەينىدە بۇ ساھەدە تەرەققىياتلار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، پسىخولوگىيە توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ 17~18 ـ ئەسىرلەردىن باشلانمىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭمۇ روھىي ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ روھ، مېڭە، بەدەن ۋە بۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە قىزىققانلىقى، ئىزدەنگەنلىكى ھەتتا روھىي ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەھىيە مۇلازىمىتى ئېلىپ بارغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە مەلۇمدۇر.

يازما تارىخلاردا 9- ئەسىردە «بىمارىستان» نامىدىكى تۇنجى ئىسلامىي دوختۇرخانىنىڭ باغداتتا ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى، دوختۇرخانىدا مەخسۇس روھىي كېسەللەرگە ئايرىلغان بۆلۈمنىڭ بارلىقى ۋە روھىي كېسەل بىمارلىرىنىڭ داۋالانغانلىقى قەيت قىلىنغان((National Library of Medicine. ھالبۇكى ئۇ دەۋردە باشقا قوشنا ئەللەردە روھىي كېسەللەر ئايرىم، تاشلىۋېتىلگەن ئۆيلەرگە سولاپ

قويۇلۇپ، جەمئىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇلاتتى.

يەنە قارايدىغان بولساق، ئىسلام دۇنياسىدا ئەبۇ بەكرى رازى، ئىبنى ئەلى مىسكەۋەيھ، ئىبنى سىنا، ئىبن رۇشد، ئىمام رەببانى ۋە غەززالىدەك يېتۈك ئالىملارنىڭ تەبىئىي پەنلەردىن سىرت يەنە ئاڭ، روھ ۋە مەنىۋىيەت توغرىسىدىمۇ ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇلاردىن ئەبۇ زەيد بەلخى (850 ـ 934) روھىي ساغلاملىققا ئائىت تۇنجى ئەسەر يازغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر روھىي كېسەلنىڭ ئىسلامىي مۇھىتتا قانداق داۋالىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (Badri, 2013).

پسخولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتلار غەرب مەركەزلىك بىلىم مېتودىنى ئاساس قىلىپ داۋاملاشماقتا ۋە دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈستىدە تىلغا ئېلىنغان ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلىرىنى، مۇسۇلمان پسخولوگلاردىن مالىك بەدرى(1932 ـ 2021)، ھۇمان كەشاۋارزى، رانىيا ئاۋاد ۋە شۇلاردەك بىر تۈركۈم پىشقان كەسىپ ئەھلىلىرى زامانىۋىي پسخولوگىيەنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى مەقسەت قىلغان ئىسلام ئېپىستومولوگىيىسى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان پەرقلىق پسخولوگىيە داۋالاش ئەندىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساس قىلىنغان داۋالاش مېتودى پسخولوگىيەلىك مەسىلىلەرگە دىنىي ۋە كلىنىكىلىق نۇقتىدىن ھەل قىلىش چارىسى تېپىشقا ئۇرۇنىدىغان بولۇپ، بۇ توغرىسىدا يېقىنقى زاماندا يېزىلغان مەشھۇر كىتابلاردىن ئۇستاز مالىك بەدرىنىڭ كىتابلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان پسخولوگلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلاردىن «ئىسلامفوبىيا ۋە روھىي كېسەللەر ئىلمى»، «ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن پسخولوگىيىلىك داۋالاش» قاتارلىقلار بار.

روھ ساغلاملىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىۋى بولغان ھېسسىيات تەڭپۇڭلۇقىمۇ دىنىي ئالىملار ۋە زامانىۋىي پسخولوگىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىچكىرىلەپ كۆزىتىلگەن ۋە تەتقىق قىلىنغان. ھېسسىيات كلىنىكىلىق داۋالاش ساھەلىرىدە روھىي كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا ۋە داۋالاشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان بولۇپ، ھەربىر كلىنىكىلىق داۋالاش ئەندىزىلىرى ھېسسىيات تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا پەرقلىق مېتود قوللىنىپ كەلمەكتە.

## «ھېسسىيات» سۆزىنىڭ ئېنىقلىمىسى

كىلاسسىك ئەرەبچىدە ھېسسىيات «احساس» ۋە «شعور» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاڭلىق تەجرىبىگە ئاساسەن ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ھېس ـ تۇيغۇ ئۆزگىرىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. «احساس» ۋە «شعور»نىڭ ئىنگلىزچە ئەڭ يېقىن تەرجىمىسى «emotion» يەنى ھېسسىيات دېمەكتۇر. مارريام ۋېبستېر ئىزاھاتلىق لۇغىتى ھېسسىياتنى بەدەندىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بىللەن بىللە يۈز بېرىدىغان، سۇبيېكتىپ ھالدا ھېس قىلىنىدىغان، مەلۇم جىسىمغا قارىتىلغان ئاڭلىق زېھنىي ئىنكاس،

ئەۋلاد لۇغىتى بولسا ھېسسىياتنى تاشقى تەسىرگە بولغان بىر قەدەر كۈچلۈك پىسخىك ئىنكاس دەپ ئىزاھلىغان. دائىلىق پىسخولوگ، ھېسسىيات تەتقىقاتچىسى ئىزارد ھېسسىياتنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: بىرىنچى، ئائىلىق ھالدا ھېس قىلىنغان تۇيغۇ. ئىككىنچى: چوڭ مېڭە ۋە مېڭە سىستېمىلىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىچكى ئاجراتما جەريانى. ئۈچىنچى: چىراي ئىپادىسىنىڭ ئۆزگىرىشى (Izard, 1977, pp. 4).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىزاھاتلاردىن ھېسسىياتنى مېڭە سىستېمىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بىزنىڭ چىراي ئىپادىلىرىمىزگە، ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلىق ھېس - تۇيغۇ دەپ ئېيتالىشىمىز مۇمكىن. پائۇل ئەكمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە كەڭ كۆلەمدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاساسلىق ھىسسىياتلار ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى نەزەرىيەسىدە، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ھېسسىياتنى قايغۇ، خۇشاللىق، قورقۇش، ھەيرانلىق ۋە سەسكىنىشتىن ئىبارەت ئالتىگە يىغىنچاقلىغان. ھېسسىيات ئىچكى بىنورماللىقنى ياكى پىسخولوگىيەلىك قالايمىقانچىلىقنى سىرتقا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سىگنال ۋە كىشىلەرنى پىسخولوگىيىلىك ياردەم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان كۈچلەردىن بىرىدۇر.

## ھېسسىيات ئۇقۇمىغا ئىسلام مەدەنىيىتىدىن نەزەر

ئىسلام ئېپىستمولوگىيەسىگە نىسبەتەن، ئىنسان بىر فىزىئولوگىيىلىك ئىجتىمائىي مەۋجۇدات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مېتافىزىكىلىق جانلىقتۇر. ئىنسان پەقەت ئەتراپىدىكى باشقا ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن سىرت، يەنە كائىناتنىڭ رەببى ئاللاھتائالا بىلەن، پەرىشتىلەر، جىنلار ۋە شەيتانلار بىلەنمۇ ئالاقە قىلىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئاڭ ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھېسسىيات دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كۆپ قىرلىق مۇناسىۋەت ۋە مەسئۇلىيەت تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. ئىسلام دىنىدا ئاللاھتائالاغا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا بولغان مېھرى - مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئىپادىلەش ماختالغان ۋە ئىلھاملاندۇرۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتسۇن». ئەلبانى , 542 يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوغلى ۋاپات بولغاندا كۆز يېشى تۆككەن. بۇنىڭغا ساھابىلەر ھەيران قالغاندا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: « كۆزلەر ياش تۆكىدۇ، يۈرەك قايغۇرىدۇ»( بۇخارى) دېگەندى. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئۇنلىغان ھەدىستىن دىنىمىزدا ساغلام ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ چەكلىنىپ ياكى باستۇرۇلماستىن يول قويۇلغانلىقىنى ھەتتا قىزىقتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئالىملىرى ھېسسىياتنىڭ ماسلىششى ئىقتىدارى بارلىقىنى، ئەگەر بىرى ھېسسىياتنىڭ بۇ فۇنكسىيىسىنى چۈشەنمىسە ۋە قانداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى بىلمىسە بۇ كىشىنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ماسلىششچانلىقتىن ئىبارەت ساغلام خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىشى ئۆزىگە ياكى

ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا ئاسانلا زىيان يەتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىمام غەززالى ھېسسىيات بولۇپمۇ، ئاچچىقلىنىش ۋە قورقۇش ھېسسىياتى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. ئىمام غەززالىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئاچچىقلىنىش ھېسسىياتى بىزنى تاشقى كۈچ يەنى زىيان ياكى خەتەردىن قوغدايدىغان قالقاندۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئادالەت ئۈچۈن، ئۆزىنى، ئەھلىنى، ۋەتىنىنى، مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا قارشى كۈچكە بولغان مەيدانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشقا ئېھتىياجى بولىدۇ. ئەمما چېكىدىن ئاشقان ئاچچىقلىنىش ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن بولۇپ، ئىسلامدا يولغا قويۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەۋسىيە قىلىنغىنى قورقۇش بىلەن غەزەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۆتىدىللىقتۇر. ئاچچىقنى مۆتىدىللەشتۈرىدىغان نەرسە دەل ئەقىلدۇر.

ئىمام غەززالى كونتروللۇقتىن چىققان غەزەپنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

غەززالى ئاچچىقلىنىشنىڭ ئۆچمەنلىككە يول ئاچىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆچمەنلىكنىڭ ئىپادىلىنىشىنى تۆت تۈرگە بۆلگەن. ئۇلار زوراۋانلىق، زاڭلىق قىلىش، ئازار بېرىش ۋە ھەسەت قىلىشتۇر. غەززالى ئاچچىقنى تەگپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاچچىقىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك دەپ قارىغان ۋە ئاچچىقنىڭ مەنبەسىنىڭ كىبىر، شان ـ شۆھرەت، ئەيىبلەش، ئاچكۆزلۈك ئىكەنلىكىنى، ئاچچىقلىنىش سەۋەبلىرىنى بىلگەندە ئاچچىقىمىزنى بېسىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە ھېسسىياتنى تەگپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى تىلغا ئالغان ۋە مۇنداق چۈشەندۈرگەن: ئاچچىقىمىز كەلدى، بۇنىڭ سەۋەبى يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئۆزىمىزنىڭ شەنىگە لايىق ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكىمىز، يەنى باشقىچە ئېيتقاندا كىبىر ھېس قىلغانلىقىمىزدىندۇر. ئاچچىقىمىز كەلگەندە دەرھال ئاچچىقىمىنى بېسىۋالسام بۇنىڭ چوقۇم مۇكاپاتى بولىدۇ دەپ مەنىۋىي مۇكاپاتنى ئويلاش ئارقىلىق تەسكىن تاپالايمىز. بۇ چۈشەنچە ئارقىلىق ئاچچىقنى بېسىشتۇر. ئاچچىقنى بېسىۋېلىشنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بولسا ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىش ياكى ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىش، ئاچچىقى يەنە بېسىلمىسا يېتىش، يېتىپمۇ ئاچچىقنى كونترول قىلالمىسا سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش قاتارلىقلار. ئىمام غەززالى سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ ئاچچىقنىڭ خاراكتېرى ئوت ئىسسىق بولۇپ، بىر كىشى ئاچچىقلانغاندا، بەدەندىكى ھارارەت قاننى قىزىتىدۇ، شۇڭا ئاچچىقلانغاندا يۈزلىرى قىزىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىدۇ، سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنغاندا بەدەننىڭ ھارارىتىنى مۆتىدىللەشتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن (al-Ghazall, 1990, p. 597-601).

ھېسسىيات ھەققىدە توختالغان دىنى ئالىملاردىن يەنە بىرى ئەبۇ زەيد بەلخى. ئۇ خۇددى جىسمانىي ساغلاملىقىمىزغا كۆڭۈل بۆلگىنىمىزدەك، روھىي ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بەلخى بەدەن ۋە روھنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر تەپسىلىي توختالغان ئالىملاردىن بىرىدۇر. ئۇ پىسخىكا بىلەن كىلىنىكىلىق نېرۋا كېسەللىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغان بولۇپ، ئۇ تەتقىقاتلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن پسىخولوگىيە

ساھەسگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ كىتابىدا تەشۋىش، قورقۇش ۋە غەزەپ توغرىسىدا توختالغان. بەلخىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىشى ۋە ھېسسىياتلىرىنىڭ دەرىجىسى پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بىرەيلەننىڭ مىجەزى ئىنتايىن چۇس بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىشى ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ. يەنە بىرلىرى مەلۇم بىر ئىشتىن ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشى، داۋاملىق كاللىسىغا كىرگۈزۈۋېلىپ غەمدىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا بەك ئەنسىرەپ كەتمەي، بىپەرۋاراق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. بەلخى ھەتتا ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ، باللار بىلەن چوڭلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئىپادىلەش شەكلىدە پەرق بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھېسسىياتنىڭ قالايمىقانلىشىش، ياكى كونتروللۇقتىن چىقىشى نۇرغۇن روھىي كېسەللەرگە يول ئاچىدۇ. چۈنكى سەلبىي ھېسلار سەلبىي پىكىرلەرنى، سەلبىي پىكىرلەر بىسىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، پسىخولوگىيىلىك قالايمىقانچىلىقنىڭ يىلتىزىدا ھېسسىيات تەڭپۇڭسىزلىقى ياتقان بولىدۇ. بەلخى ھېسسىيات تەڭپۇڭسىزلىقىنى داۋالاشتا بىلىش ۋە سىناش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇ يەنە ئىككى بىر - بىرىگە زىت بولغان ھېسسىيات توغرىسىدا توختىلىپ داۋالاش ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: ئەسكەرلىككە بېرىشتىن قورقۇپ، ئەندىشە ۋە قايغۇلىرىنى كونترول قىلالمايۋاتقان بىر ئەسكەر، ئۆزىنىڭ خەلقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان قەھرىمانلار ۋە شۇنداقلا ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈۋاتقان دۈشمەنلىرى توغرىسىدا ئويلىنىشى كېرەك. دۈشمەنلىرى توغرىسىدا ئويلانغاندا، ئۇلارغا بولغان غەزەپ-نەپرەت ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، قورقۇش ۋە ئەندىشە تۇيغۇسى ئازىيىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ يەنە قورقۇشنى داۋالاشنىڭ ئۈچ باسقۇچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

بىرىنچى باسقۇچ: قورقۇش ھېس قىلغان نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش

ئىككىنچىسى: قورقۇش ھېس قىلغان نەرسە توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە ئىچكىرىلەپ بىلىش

ئۈچۈنچىسى: يۈزلىنىش ۋە تەجرىبە قىلىش (al_Balkhi, 2013).

## ھېسسىياتنى ئىسلام ئېپىستومولوگىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان كىلىنىكىلىق داۋالاش ئەندىزىسى ئارقىلىق داۋالاش

(TIIP),Traditional Islamically Integrated Psychotherapy

ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن پسىخولوگىيەلىك داۋالاش ئەندىزىسى ئىسلام ئېپىستمولوگىيەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەندىزە ھېسسىيات ئۇقۇمىنى ئۈچ خىل مەنبەدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئانالىز قىلىدۇ. ئۇلار: روھ، نەفس ۋە ئەقىلدۇر.

ئىنسانلار ھېس قىلىۋاتقان ھېس-تۇيغۇلار ئاساسلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ مەنبەدىن كېلىدۇ. كۆپۈنچە ئىسلام ئالىملىرى نەفسنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان «نەفس ئەممارە»، «نەفس لەۋۋامە» ۋە «نەفس مۇتمەئىننە» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بولۇپ، بۇلار «نەفسى ئەممارە»، «نەفسى لەۋۋامە» ۋە «نەفسى مۇتمەئىننە» دۇر. «نەفسى ئەممارە» ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا

ئورتاق بولغان ئاساسلىق قوزغاتقۇچ كۈچ.

«نەفسى لاۋۋامە» بولسا مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدىغان، ئۆزىنى ئاسانلا گۇناھكار ھېس قىلىپ قالىدىغان قوزغاتقۇچتۇر.

«نەفسى مۇتمەئىننە» بولسا شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن يىراق بولغان، قۇرئان كەرىمدە ماختالغان پاك نەفستۇر.

TIIP ئەندىزىسىگە (بۇ قانداق ئەندىزە؟ باشتا تىلغا ئېلىنمىغان بولغاچقا، چوقۇم شەرھلىشى كېرەك) ئاساسلانغاندا، ئاچچىقلىنىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نەفستىن كېلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئانا دوستلىرى بىلەن ئويناۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن لوڭقىنى چېقىۋەتكەن بالىسىغا ئاچچىقلىدى. بۇ « نەفسى ئەممارە»دىن كەلگەن ھېسسىياتتۇر. بىر مۇساپىر يولدا يەرلىك ئادەم تەرىپىدىن كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ ۋە ئاچچىقى كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم ئايرىمچىلىق، چەتكە قېقىش، كەمسىتىش دېگەندەك قىلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ ۋە كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ ئاچچىق «نەفسى مۇتمەئىننە» دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ (Al-Suhrawardi, 1993, as cited in H. Keshavarzi & S. Keshavarzi , 2020). شۇڭا ھېسسىياتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى، ھەر بىر ھېسسىياتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەنىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

TIIP ئەندىزىسىدە، ھېسسىياتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تۆت باسقۇچقا بۆلگەن.

1. ھېسسىياتنى قوزغىتىش ۋە تونۇش. بۇ باسقۇچتا پسىخولوگ مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش ۋە ئەينەن ئىپادىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەسلىھەت ئالغۇچى ئۆزىنىڭ قايسى ھېسسىياتنى، قانداق باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا تونۇشقا ئىگە بولىدۇ.

2. ھېسسىياتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتنى تونۇغان كىشى بۇ توغرىسىدا ئىزدىنىدۇ ۋە پسىخولوگ ياردىمىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەشىقى قىلىدۇ.

3. ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىلنى بايقاش. بۇ باسقۇچتا مەسلىھەت ئالغۇچى پسىخولوگنىڭ ياردىمىدە ھېسسىياتقا يوشۇرۇنغان مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ.

4. ھېسسىياتنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەش. بۇ باسقۇچ ئاخىرقى ۋە ھەل قىلغۇچ باسقۇچ بولۇپ، قايسى ئەھۋالدا ھېس قىلغان تۇيغۇنى قانداق ئىپادىلەش كېرەكلىكىگە بولغان سەزگۈرلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە پاسسىپ ھېسسىيات ئاكتىپ ھېسسىياتقا ئۆزگىرىدۇ (Paivio & Pascual- Leone ,2010 ,as cited in H. Keshavarzi & S. Keshavarzi , 2020).

## ھېسسىيات ئۇقۇمىغا زامانىۋى پسىخولوگىيەدىن نەزەر

زامانىۋى پسىخولوگىيە ھېسسىيات ئۇقۇمىنى ئىجتىمائىي، كىلىنىكىلىق ۋە كىشىلىك پسىخولوگىيىسى دائىرىسىدە تەتقىق قىلىدۇ. زامانىۋى پسىخولوگىيەدە ھېسسىيات توغرىسىدا ئىزدىنىش دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدىن باشلانغان. دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىن كەلگەن. دەسلەپتە ھېسسىيات پەقەتلا مەقسەتلىك ئىش-ھەرىكەتتە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: تۇيۇقسىز

كەلگەن ھۆجۈمدىن كېيىن شەكىللەنگەن چۆچۈش ھېسسىياتىغا ئوخشاش. كېيىن ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ ھېسسىيات ۋە ئۇنىڭ ئىنسان چىرايىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ئۇ يەنە ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي ھادىسە ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ھايات قالالىشى، كۆپىيەلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرالىشى ئۈچۈن ھېسسىياتقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن (Asao et al.,2015). مەسىلەن: ئاچچىقلىنىش ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنى سىرتقى كۈچتىن قوغدايدىغانلىقىنى، مۇھەببەتنىڭ بولسا ئىنساننى يېقىنچىلىققا ئۈندەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار توي قىلىپ بالىلىق بولالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ھېسسىيات توغرىسىدا دەسلەپ توختالغان زامانىۋىي پسىخولوگىيە ئالىملىرىدىن تەجرىبە پسىخولوگىيەسىنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان ۋىلىيام جېمىس ۋە فىزىئولوگ كارل لانگې بولۇپ، بۇلار جېمىس لانگې نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيەدە ھېسسىياتنىڭ تاشقى دۇنيادىن كەلگەن غىدىقلىنىشقا قارىتا قوزغالغان فىزىكىلىق ئىنكاسلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ نەزەرىيەنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقىغا قارايدىغان بولساق، ئاۋۋال ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بەرگەندە بۇنىڭغا قارىتا بەدەندە فىزىكىلىق ئىنكاسلار شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاسىل بولغان بۇ ئىنكاسلارنى ئۆزىمىزگە قانداق ئىزاھلىساق ۋە چۈشەندۈرسەك، شۇنىڭغا قارىتا ئىچكى ھېسسىيات شەكىللىنىدۇ ( Northoff, 2008). مەسىلەن: بىر ئادەم ئورماندا بىر ئېيىقنى كۆردى ۋە سوغۇق تەرلەپ، يۈرىكى تېز سوقۇشقا باشلايدۇ(بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ كىشى ئېيىقنىڭ ئادەم يەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان). بەدىنىدە يۈز بەرگەن بۇ فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس ۋە ئۆزگىرىش بەرگەن ئىزاھاتتىن كېيىن ئاندىن ئىچكى ھېسسىيات يەنى قورقۇش ھېسسىياتى شەكىللىنىدۇ.)

## ھېسسىياتنى زامانىۋىي پسىخولوگىيەدە كلىنىكىلىق داۋالاش ئەندىزىسى ئارقىلىق داۋالاش

(EFT) Emotion–Focused Therapy

ھېسسىياتقا مەركەزلەشكەن پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ھېسسىياتنىڭ بىئولوگىيەلىك ئىنكاسىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ھېسسىياتنى ئالدى بىلەن بەدىنىمىز ھېس قىلىدۇ، ئاندىن ھېسسىيات تەپەككۇرغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھېسسىياتلار قاندۇرۇلمىغان ئېھتىياجلاردىن شەكىللىنىدۇ دەپ قاراپ، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىقتىدار بەرپا قىلىشقا كۈچەيدۇ. بۇ ئەندىزىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى يېتىپ كېلىش ۋە ئايرىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئاساس قىلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا مەسلىھەت ئالغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرمايدۇ، ئىپادىلىيەلىگىنى قەدەر ياخشى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېس قىلغان ھېسسىياتنى تەسۋىرلەشنى ۋە ئىسىم قويۇشنى ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا مەسلىھەت ئالغۇچى باشتىن كەچۈرگەن، ئىسىم قويغان ھېسسىياتنىڭ قايسى ئەھۋالدا قانداق رولى ۋە تەسىرى بارلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە بولسا ساغلام بولمىغان ھېسسىياتقا قارىتا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ (Timulak & Keogh, 2019).

كلىنىكىلىق پسىخولوگىيەدە ھېسسىياتنى تەڭشەش ئۈچۈن قوللىنىلغان يەنە بىر ئەندىزە بولسا قوبۇل قىلىش ئەندىزىسىدۇر. ((ACT Acceptance and Commitment Therapy بۇ ئەندىزە ئوي ـ خىياللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن بەكرەك

ئۇنىڭ ماھىيىتىگە مەركەزلىشىپ قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئەندىزىدىمۇ پسىخولوگ ئاۋۋال مەسلىھەت ئالغۇچىغا ھېسسىياتنى يوشۇرماي ئىپادىلەشكە ئۈندەيدۇ ۋە مەسىلىلەر بىلەن ئۆزىنى سىرتتىن كۆزىتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. كېيىنكى باسقۇچتا ئويى - پىكىرلىرى بىلەن كىرىشىۋالماي راھەت قويۇپ بېرىش، ئۆزىنى ھازىر ۋە مۇشۇ يەردە ھېس قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا پسىخولوگ بەزى ئاساسىي مەشىقلەر بىلەن ياردەم بېرىدۇ (Vilardaga, 2007). مەسىلەن: قولنى سۇغا تۇتۇش، بىر نەرسە پۇراش، توپىغا دەسسەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلاردا مەسلىھەتچى پسىخولوگلارنىڭ سوئاللىرى ياردىمىدە ئۆزىنى كۆزىتىش، ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا قاراپ چىقىش بىلەن بىرگە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ.

## سېلىشتۇرما

يۇقىرىدا ھېسسىيات ئۇقۇمى ۋە ھېسسىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام پسىخولوگىيە ئالىملىرى، زامانىۋى پسىخولوگلار ۋە كلىنىكىلىق داۋالاش ساھەلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ۋە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مېتودلىرىنى بايان قىلدۇق. ھېسسىياتنىڭ ھەر ئىككى پسىخولوگىيەدە ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ سىگنالى دەپ قارىلىپ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئىسلام ۋە زامانىۋى پسىخولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاۋۋال ئېپىستىمولوگىيەلىك ۋە ئونتولوگىيەلىك پەرقلەر بار بولغاچقا، ھېسسىياتقا بەرگەن ئىزاھاتى ئوخشىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھېسسىيات تەڭشەش ۋە ساغلام بولغان ھېسسىياتقا ئېرىشىش يوللىرىنى پەرقلىق بايان قىلغان. ھېسسىيات ھەققىدىكى ئىمام غەززالى بىلەن دارۋىننىڭ قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق ھەر ئىككىيلەننىڭ ھېسسىياتنى ھاياتلىقنى سىرتقى تەھدىتتىن قوغدىغۇچى مۇھىم ئامىل دەپ قارىشىدا. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېسسىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەڭشەش يوللىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى پەرقلىق. مەسىلەن: ئىمام غەززالى ھېسسىياتنى ئاللاھنىڭ بىرگە سىرتقى ھۇجۇمدىن، زەربىدىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن، ئادالەتنى قوغداپ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئىنئام قىلغان نېئمەتتۇر، بىز ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ئاچچىقىمىزنى كونترول قىلالايمىز دەپ قارىسا، دارۋىن ھېسسىيات ئىنسانلارنى سىرتقى كۈچتىن قوغدايدۇ، ئەمما ھېسسىيات ئىنساننىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مېۋىسى، ھېسسىيات تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا تېخىمۇ مۇرەككەپ شەكىلدە تەرەققىي قىلغان ۋە بۈگۈنگە كەلگەن دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈنكى كلىنىكىلىق ساھەلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقان پسىخولوگىيە ئەندىزىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا بولغان پەرق ۋە ئوخشاشلىقلارنى ئېنىق قىلىشىمىز تەس بولمىسا كېرەك. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر ئىككى تەرەپ ئەندىزىلىرىنىڭ ھېسسىيات ئۇقۇمىنى ئىزاھلىشى، داۋالاشتىكى دەسلەپكى باسقۇچلىرى ئوخشاش. يەنى، داۋالاش ئەندىزىلىرىدە ئاۋۋال مەسلىھەت ئالغۇچى نېمە ھېس قىلغانلىقىنى، ھېسسىياتلىرىنى قايسى دەرىجىدە ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى پسىخولوگقا ئېنىق ئېيتىشى، ھېسسىياتنى تونۇشى، ئىسىم

قويۇشىدۇر. كېيىنكى باسقۇچلاردا ئەندىزىلەردە پەرقلەر بار بولۇپ، TIIP ئەندىزىسى بىلەن ACT ئەندىزىسىنىڭ ھېسسىيات تەڭشەشتىكى ئاخىرقى غايىسى تامامەن پەرقلىق. مەسىلەن: ACT ئەندىزىسى ھېسسىياتنى تونۇپ، ئىسىم قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ بىر پارچىسى دەپ ئۆز پېتى قوبۇل قىلىش، بىزنىڭ راھەتسىزلىكىمىزگە سەۋەب بولغان ھېسسىيات بىلەن بىللە ياشاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك دەيدۇ. ئەكسىچە، TIIP ئەندىزىسى ئەگەر ھېسسىيات «نەفسى ئەممارە»دىن كەلگەن بولسا، قىيىن بولسىمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ئۆزگەرتمەي ھېسسىيات بىلەن بىللە ياشاشنى ئۆگىنىش خۇددى جاراھەتنى ساقايتماي ئۈستىنى يېپىپ قويغاندەك بىر ئىش دەپ قارايدۇ ۋە مەسلىھەتچىگە ئاخىرەت ھاياتىدىكى كاتتا ئەجىرلەر بىلەن ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

## خۇلاسە

يىغىنچاقلىغاندا، پسىخولوگىيە تەرەققىياتى ئايرىم پەن بولۇپ ئايرىلغاندىن باشلاپ بىر ئىزدا تۇرۇپ قالمىدى. پسىخولوگىيە نۇرغۇن كىلىنىكىلىق مەسىلىلەرگە جاۋاپ تېپىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ساھەگە ھەر يىلى يېڭى ئۇقۇملار قوشۇلۇپ كەلمەكتە. ھېسسىيات ئۇقۇمى، ھېسسىياتنىڭ خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتنى تەڭشەش ئۇسۇللىرى ئوخشىمىغان نەزەرىيە ۋە ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەردىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تۈرلۈك كىلىنىكىلىق داۋالاش مېتودلىرىدا ۋە ئەندىزىلىرىدە قوللىنىلماقتا. يېقىنقى زاماندا مۇسۇلمان پسىخولوگلاردىن تەركىپ تاپقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ شەرق بولۇپمۇ مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئېتىقادىغا ئۇيغۇن پسىخولوگىيەلىك داۋالاش ئەندىزىلىرى بەرپا قىلىشى، ئامېرىكىدىكى «Khalil center» يەنى، خەلىل پسىخولوگىيە داۋالاش مەركىزى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئىسلامىي ئەندىزىلەر بىلەن خىزمەت سۇنغان ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىششى كىشىنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرىدۇ.

بۇ ئەندىزىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىسلام دۇنياسىدىكى پسىخولوگىيىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر تەرەپلىمە قاراشنى يىرتىپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنى پسىخىكىلىق مەسىلىلىرىگە چارە ئىزدەشكە يۈزلەندۈرەلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارايدىغان بولساقمۇ پسىخىكىلىق كېسەللىكنى دىنىي ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش، روھىي ساغلاملىققا جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە كېسەللەرگە، مەسىلىلەرگە چارە ئىزدىمەسلىك ھېلىھەم مەۋجۇت. ئاشقازىنىمىز ياكى چىشىمىز ئاغرىپ دوختۇرخانىغا بېرىشتىن خىجىللىق ھېس قىلمايمىزيۇ، قەلبىمىزدىكى سىقىلىش، مېڭىمىزدىكى تۈگۈن ۋە روھىمىزدىكى چارچاش ئۈچۈن پسىخولوگقا بېرىشتىن خىجىللىق ھېس قىلىمىز ۋە ياكى ئارتۇقچە، ئەھمىيەتسىز ئىش دەپ قارايمىز. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان خۇددى جىسمانىي كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغىنىدەك، روھىي جەھەتتىنمۇ ھاردۇق يېتىپ، كېسەل بولۇشى مۇمكىن. روھىي جەھەتتىكى كېسەللىك بىلەن دىنىي ئاجىزلىقنىڭ ئالاقىسى يوق بولسىمۇ، ئەمما داۋاملاشقان پسىخولوگىيىلىك كېسەللەر ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ سۈپىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۈستىدىكى قۇرلاردا تەكىتلىگىنىمىزدەك، ھېسسىيات ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ سىگنالى بولۇپ، ھېسسىياتنى كونترول قىلالماسلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كۆرۈلۈشى پسىخولوگىيەلىك مەسىلىمىزنىڭ سىرتقا تەپكەن يۈزىدۇر. ھېسسىيات ئۆزىنىڭ نورمال فۇنكسىيەسى بىلەن ھاياتىمىزغا ئۆزگىرىشلەر قوشۇپ مەنىلەرگە ئىگە قىلىدۇ، بەزىدە ھاياتىمىزنى قوغدايدۇ. مەسىلەن: تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان ماشىنىدىن قورقۇپ قېچىشىمىز، بىزنى ماشىنىنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. بىرەر مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندا ئېغىر قايغۇرۇشىمىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا زېمىنىمىزنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىمىز، بىزنى مۇستەقىللىق يولىدا توختىماي كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

---

**مەنبە:**


1. Henley T, 2019. Hergenhahn's An Introduction to the History of Psychology. 8th ed. Belmont, CA: Wadsworth Cengage Learning.
2. US national library of medicine; islamic culture and medical art. https://www.nlm.nih.gov/exhibition/islamic_medical/islamic_12.html
3. Badri M. Translation and annotation of Abu Zayd al-Balkhi's Sustenance of the soul. Richmond: International Institute of Islamic thought; 2013.
4. ئېپىستومولوگىيە بىلىم پەلسەپەسى بولۇپ، بىلىمنىڭ ماھىيىتى، دائىرىسى ۋە مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان پەلسەپە تۈرلىرىدىن بىرى.
5. Merriam-Webster. (n.d.). Citation. In *Merriam-Webster.com dictionary*. Retrieved June 5, 2021, from https://www.merriam-webster.com/dictionary/emotion
6. Izard, C. E . (1977). *Human emotions:* Ne w York: Plenum.
7. Al-Adab Al-Mufrad, Book 30, Hadith 542. https://sunnah.com/adab:542
8. Al-Bukhari (2010). *$a&i&al-Bukhara.*Riyadh: Darussalam.
9. Al- Ghazili, A. H . (2011). *Ihya"Uliimal-Din.*Vol 5. Kitab Algadab. Riyadh : D ar al-Minhaj.
10. Al-BalkhI, A. Z. (2013). *Sustenance* of *thesoul,*trans. M. Badri. London: International Institute of Islamic Thought.
11. Keshavarzi, H & Keshavarzi. S, 2020. Applying Islamic Principle to Clinical Mental Heath Care: Emotionally Oriented Psychotherapy. P184. Routledge.
12. Asao. K, Al-Shawaf. L, Beam. D.C.& Buss.D.M, 2015. Human Emotions: An Evolutionary Psychological Perspective. P. 1-14. 1754-0739.
13. Northoff, G, 2008. Are our emotional feelings relational? A neurophilosophical investigation of the James–Lange theory. *Phenom Cogn Sci* **7,** 501–527
14. Timulak. L & Keogh.D, 2019. Emotion-focused therapy: A trans diagnostic formulation. 50:1-13
15. Vilardaga. R, Hayes.S.C & Schelin. L (2007). Philosophical, theoretical and empirical foundations of Acceptance and Commitment Therapy. Reno. Vol.38. p. 117-128
16. ئونتولوگىيە ياكى مەۋجۇدلۇق پەلسەپىسى بولۇپ، مەۋجۇتلۇق، كائىنات ۋە مەۋجۇدلۇقنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىدىغان پەلسەپەۋىي ئۇقۇمدۇر.

# بۈيۈك خام خىيال: لىبېرالىزم چۈشى ۋە خەلقئارالىق رېئاللىق

**جون مىرشېيمېر**

**مەۋلان تەڭرىقۇت**

ئىبن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.

E-mail: m.tanrkitut@gmail.com




Mearsheimer, John J. The Great Delusion: Liberal Dreams and International Realities, (Yale University Press: 2018). $ 30.00.

پروفېسسور جون مىرشېيمېر 1947 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق سىياسەت تەتقىقاتچىسى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئالىمى. ئۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت رېئالىزم ئېقىمىغا تەۋە تەتقىقاتچى بولۇپ، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولۇپ ئىشلىمەكتە. مىرشېيمېر دەۋرىمىزدىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە رېئالىزمچى دەپمۇ قارىلىدۇ.

مىرشېيمېر «ھۇجۇمچى رېئالىزم (Offensive Realism)» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ئۇ «ھۇجۇمچى رېئالىزم» نەزەرىيەسىدە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رىقابەتنىڭ ئاساسلىقى ھۆكۈمەتسىز خەلقئارالىق سىستېمىدا رايونلۇق ئۈستۈنلۈككە (hegemony) ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئەقلىي ئارزۇسىنىڭ (rational desire) تۈرتكىسىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ 2003 - يىلى ئىراق ئۇرۇشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرغان، شۇنداقلا ئۇكرائىنانىڭ 1994 - يىلى يادرو قوراللىرىدىن ۋاز كېچىش قارارىغىمۇ قاتتىق قارشى چىققان. ئۇ شۇ ۋاقىتتا بەلكىم بۇ قارارغا قارشى چىققان بىردىنبىر نوپۇزلۇق شەخس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۇكرائىنانىڭ يادرو قورالى بولمىسا مەڭگۈ رۇسىيەنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان كىتابلىرىدىن بىرى، 2007 - يىلى يازغان «ئىسرائىلىيە لوبىچىلىقى

ۋە ئامېرىكا تاشقى سىياسىتى» بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابىدا ئىسرائىلىيە لوبىلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىدىكى تەسىرىنى، بۇ لوبىيچىلىقنىڭ ھەم ئامېرىكانىڭ ھەم ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مىرشېيمېر ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان «ھۇجۇمچى رېئالىزم» نەزەرىيەسىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان كۈچىنىڭ ئۇنى ئامېرىكا بىلەن بىر مەيدان توقۇنۇشقا ئېلىپ كىرىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى دەپ قارايدۇ.

«بۈيۈك خام خىيال: لىبېرالىزم چۈشى ۋە خەلقئارالىق رېئاللىق» پروفېسسور جون مىرشېيمېرنىڭ ئون يىللىق تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى. بۇ كىتاب تىپىك خەلقئارا مۇناسىۋەت رېئالىزم ئېقىمى رامكىسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇنى مىرشېيمېرنىڭ ئۆزىنىڭ خەلقئارا سىستېمىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە يەكۈنلىرىنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزاھلانغان بايانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ كىتاب «ئەگەر بىر دۇنياۋىي كۈچ (دۆلەت؛ كىتابتا ئامېرىكىنى دەيدۇ) لىبېرال ئۇستۇنلۇكنى قوغلىششىنى ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتى قىلىپ بېكىتسە ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىگە يېڭى بىر يەكۈننى ئېلىپ كىرىشنى مەقسەد قىلغان. جون مىرشېيمېرنىڭ ئامېرىكانىڭ سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى تاشقى سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەت ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەللەر، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق چىقارغان يەكۈنى شۇكى، لىبېرال تاشقى سىياسەت ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن كۈچ تەڭپۇڭلۇقى پرىنسىپىنى رەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارا سىستېمىنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ماھىيىتىگە (anarchical nature) سەل قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلۇسچىلىقنىڭ كۈچىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدە فرانسىس فۇكۇيامانىڭ « تارىخنىڭ تۈگۈنى ۋە ئاخىرقى ئادەم» (The End of History and the Last Man, 1991)، خانتىڭتوننىڭ « مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» (The Clash of Civilizations and Remaking of World Order, 1996) دىن كېيىنكى 3 - بۈيۈك ئەسەر دەپ قارالماقتا.

ئاپتور سەككىز بابتا ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنسان تەبىئىتى، لىبېرالىزم، رېئالىزم ۋە مىللەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ۋە لىبېرالىزمنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار 2 - 4 - بابلاردا مۇلاھىزە قىلىنغان. 5 - 7 - بابلاردا تاشقى سىياسەتتىكى مەسىلىلەر لىبېرال ئۈستۈنلۈكىنىڭ (liberal hegemony) دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارا سەھنىدە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش بىلەن بىرگە، لىبېرالىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش شۇنداقلا لىبېرال تىنچلىق نەزەرىيىسىنى قەتئىي تەنقىد قىلىش ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى باپتا بولسا ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

كىتابتا « نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا تاشقى سىياسەتتە رېئالىزمغا قايتىپ كېلىشى لازىم؟» دېگەن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن لىبېرالىزم چۈشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

بولغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغان. كىتابنىڭ ھېكايىسىنى ئەڭ قىسقا قىلىپ ئېيتساق مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ:

1. ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن لىبېرال ئۈستۈنلۈك (liberal hegemony) سىياسىتىنى يولغا قويدى.

2. ئاساسلىق مەقسىدى بولسا قىممەت قاراش جەھەتتە دۇنيانى ئامېرىكاغا ئوخشايدىغان شەكىلدە تەرتىپلەش بولدى.

3. بۇ سىياسەت ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى.

ئاپتور يۇقىرىدىكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن لىبېرالىزم ۋە ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسىدىن يولغا چىقىدۇ. لىبېرالىزم ئىنساننى يەككە مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدۇ ۋە ھەر زامان شەخسنى جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئۇلۇسچىلىق بولسا ئىنساننى ئىجتىمائىي ۋە كوللېكتىپ مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدۇ، قەبىلە ياكى گۇرۇپپىلار ئارىسىدا ھەممە بويسۇنىدىغان قائىدە - يوسۇن بولىدۇ، جەمئىيەتكە بولغان ساداقەتنى تەكىتلەيدۇ. ئائىلىدىن باشقا ئەڭ مۇھىم بولغان گۇرۇپپىنى دۆلەت ياكى ئۇلۇس دەپ قارايدۇ. ئاپتور غەربتە ئادەتتە لىبېرالىزم يەنى يەككىچىلىك (individualism) ھاكىم ئورۇندا بولغان بولسا ، شەرقتە كوللېكتىپچىلىق يەنى مىللەتچىلىك،ئۇلۇسچىلىق ۋە كوممۇنىزم قاتارلىق ئىدىيەلەرنىڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ خىل ئوخشىمىغان قاراش قانداق ھايات ۋە قايسى خىل سىياسىي سىستېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشىمايدىغان تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

لىبېرالىزم ئىنسان ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇنى كىشىلەردىن تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەرگە كەڭ قورساق بولۇشنى ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. دۆلەت مەسىلىسىگە كەلگەندە لىبېراللار ئۇنى زۆرۈر دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدۇ، چۈنكى دۆلەت خالىغىنىنى قىلىش كۈچىگە ئىگە. يەككىچىلىك ۋە تارتىۋالغىلى بولمايدىغان ئىنسان ھەقلىرى ئۇقۇمى ئۇنىۋېرسالىزم، يەنى ھەممىباپچىلىققا يول باشلايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، لىبېرالىزمنىڭ تەبىئىتىدە ئۇنىۋېرسالىزم مەۋجۇت. ئۇلۇسچىلىقتا بولسا ئىگىلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەكىتلىنىدۇ ۋە ئۇلۇس بۇ جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلۇس دۆلەتلەر ھەر زامان باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئارىلىشىشلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

جون مىرشېيمېر ئۇلۇسچىلىقنىڭ لىبېرالىزمنى يېڭىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سەۋەبلىرى بولسا:

1. نەزەرىيەۋى سەۋەب، يەنى ئىنسان لىبېرالىزمچىلار ئېيتقاندەك يەككە مەۋجۇدىيەت ئەمەس بەلكى كوللېكتىپ ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتتۇر. يەنى ئۇلۇسچىلىق كۆز قارىشى توغرا.

2. لىبېرال دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ سانى 50% دىن ئاز.

3. بارلىق لىبېرال دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۇلۇس دۆلەتلەردىن ئىبارەت.

ئاپتور بۇ يەكۈننى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن لىبېرال ئۈستۈنلۈكنىڭ (liberal hegemony) مەقسىدىنىڭ دۇنيانى قىممەت قاراش جەھەتتىن ئامېرىكاغا ئوخشاش قىلىش ئىكەنلىكىنى ۋە

بۇنىڭ ئۈچۈن 1) لىبېرال دېموكراتىيەنى دۇنيا مىقياسىدا تارقىتىش 2) ئامال بار كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئوچۇق خەلقئارالىق ئىقتىسادىي سىستېمىغا ئېلىپ كىرىش (چۈنكى ئىمانۇئېل كانتنىڭ دۆلەتلەر باي ۋە دېموكراتىك بولسا بىرى بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلمايدۇ دېگەن قارىشىغا ئىشىنىدۇ.) 3) باشقا دۆلەتلەرنى ئىمكانقەدەر خەلقئارالىق ئورگانلارغا ئېلىپ كىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل سىياسەت قوللانغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

ئۇنداق بولسا لىبېرال ئۈستۈنلۈكنىڭ (liberal hegemony) ئەھمىيىتى ياكى پايدىسى نېمە؟ بۇنىڭغا قارىتا ئاپتورنىڭ جاۋابى: 1) ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى بىكار قىلىش. 2) تېرورلۇق ۋە يادرو قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق تىنچ دۇنيا يارىتىش. 3) دۇنيانى لىبېرال دېموكراتىيە ئۈچۈن بىخەتەر ماكانغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئامېرىكا قايسى سىياسەتلەرنى ئېلىپ باردى ۋە ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

1. بوش دوكتىرىنى ۋە بۈيۈك ئوتتۇرا شەرق پىلانى _ مەغلۇپ بولدى.

2. ئۇكرائىنا ۋە گىرۇزىيەنى ناتوغا ئەزا قىلىشقا ئۇرۇنۇش ۋە ئېلىپ بېرىلغان رەڭلىك ئىنقىلابلار، ئەمما ئاقىۋەتتە گىرۇزىيە ۋە ئۇكرائىنا رۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

3. خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش ــ مەغلۇپ بولدى.

ئۇنداقتا لىبېرال ئۈستۈنلۈك (liberal hegemony) نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى؟

1. ئۇلۇسچىلىقنىڭ كۈچى. خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ئىشىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرىدۇ.

2. رېئالىزمنىڭ كۈچى . دۆلەتلەر ئىدېئولوگىيە ياكى بەلگىلىك قىممەت قاراشنى ئەمەس، بەلكى دۆلەت مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ۋېيېتنام بىلەن خىتاينىڭ ھەر ئىككىسى كوممۇنىست دۆلەت بولسىمۇ بىر بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ۋېيېتنام ئامېرىكادەك لىبېرال كاپىتالىست دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە ھازىرغىچە خىتايغا قارشى ئامېرىكانىڭ سېپىدە تۇرماقتا.

3. ئىنسان ھەقلىرىنى زىيادە ۋە قوش ئۆلچەملىك بازارغا سېلىش. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ئىنسان ھەقلىرىنى شىمالىي كورىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن كارى بولماي رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگە تاڭغان بولۇپ، بۇ ئامېرىكانىڭ لىبېرال ئۈستۈنلۈك (liberal hegemony) تاشقى سىياسىتىنىڭ مەشرۇئىيىتىنى يوق قىلغان.

4. لىبېرال بولمىغان لىبېرالىزم. ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پەقەت لىبېرال دىموكراتىيەنىلا ياخشى دەپ، باشقا ئىدېئولوگىيەلەرنى تولۇق رەت قىلىشىنىڭ ئۆزىلا لىبېرال بولمىغان كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

ئاپتور بۇنىڭدىن كېيىن لىبېرال ئۈستۈنلۈكنىڭ (liberal hegemony) كەلگۈسى ھەققىدىكى مەنپىي كۆز قارىشىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۈچ سەۋەبنىڭ بۇ خىل تاشقى سىياسەتنى مۇمكىن بولمايدىغان ھالەتكە ئەكىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ بىرى، ترامپنىڭ دېموكراتىيەنى تارقىتىشقا قارشى چىقىشى،

رۇسىيەنى ئەيىبلىمەسلىكى، ئىككىنچىسى، خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈلۈشى، ئۈچىنچىسى، رۇسىيەنىڭ كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدۇر. ئاپتور دۇنيانىڭ بىر قۇتۇپلۇق دۇنيادىن كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادا لىبېرال ئۈستۈنلۈك (liberal hegemony) سىياسىتىنى يولغا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈلۈشىنىڭ لىبېرال ئۈستۈنلۈكنى (liberal hegemony) ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا يول ئاچىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈلۈشىنىڭ دۇنيادا قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

پروفېسسور مىرشېيمېر ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياسىتىگە باھا بەرگەن بولۇپ، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى 90 - يىللارنىڭ بېشىدا خىتاينى ۋە رېئالىزمنى ياخشى چۈشەنگەن بولسا، ئۇلار خىتاينىڭ كۈچىيىشىنى ئاستىلىتىپ، بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقىنى چوڭايتىشقا ئۇرۇنغان بولاتتى، دەپ قارىغان.

لېكىن، ئامېرىكا بۇنىڭ ئەكسىچە سىياسەت يۈرگۈزدى، ئۇ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، خىتاينىڭ باي بولۇشىغا ياردەم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى بولسا خىتاي بۇ ئارقىلىق دېموكراتىيەگە ئۆتىدۇ ۋە خەلقئارا سىستېمىدىكى مەسئۇلىيەتچان مەنپەئەتدارغا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا تىنچلىققا يېتەكلىنىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەكسىچە، خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە شېرىن ئاي، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىر ياقتا تۇرسۇن، كەسكىن رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

جون مىرشېيمېر خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈلۈشىگە قارىتا ئامېرىكانىڭ خىتاينى بىر تەرەپ قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. خىتاي - ئامېرىكا رىقابىتى ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىدىكى ئەڭ مەركىزىي مەسىلە بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن قورقۇنچلۇق رەقىب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىنمۇ خەتەرلىك بولۇپ، خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولسىلا، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

بۇ كىتاب ھەم سىياسەت جەھەتتىن ھەم ئاكادېمىك جەھەتتىن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقى شۇكى، ئۇ دۆلەتلەرنى لىبېرال دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلغان لىبېرال مۇداخىلىچىلىكنىڭ \ ئارىلىشىشنىڭ (liberal intervention) ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا مايىللىقى سەۋەبىدىن، بۇ خىل سىياسەتكە قارشى تۇرىدۇ. لېكىن بۇ كىتاب لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇش خىتابنامىسى ئەمەس، چۈنكى ئاپتور دۆلەت ئىچى سىياسىتىدە لىبېرالىزمنى دېموكراتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ ماختىغان. بۇ كىتاب ئىلمىي جەھەتتىن، ئاپتورنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىدىكى كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر بىلىمى ۋە ئىزدىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار:

1 - قۇتادغۇ بىلىك (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)
2 - ئېتنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق (رۇقىيە تۇردۇش)
3 - ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت (ئۈمىت شىمشەك)
4 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى (دوكتور بىلال نىزام)
5 -شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا - ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىقى (دوكتور بىلال نىزام)
6 - ئالىيا ئىززەتبېگوۋىچ (خالىت چېل)
7 - پىسخىكىلىق ئۇرۇش: كۆلرەڭ تەشۋىقات (پىروف.دوكتور نەۋزات تارھان)
8 - ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن)
9 - تارىخى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال - ئامىنە بۇغرا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت)
10 - ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئابدۇلجېلىل تۇران)
11 - سەيياھلار ئىزىدىن (زۇلھايات ئۆتكۈر)
12 - تۈرك دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى (پىروف. دىر. جەۋانشىر فەيزىيېۋ)

ISSN 0275-7923
9 770275 792207